«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊

中华人民共和国新闻出版总署

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



پولات خوجا فوتوسى

4

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2011

新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شائىر، پىروفېسسور، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى

ئابدۇللا سۇلايمان ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

**مەخسۇس سەھىپە**


مەڭگۈ خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ..................2


**ئىدىيە ۋە ھەرىكەت**


ئوي ـ پىكىر ۋە كىشىلىك قەدىر .............تۇرسۇنمۇھەممەت توختى4


**ئەخلاق ئادەم زىننىتى**


يەنە ئەخلاق ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەققىدە ..............ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان20


**سەپەر ۋە ھاسىلات**


مىسىر تەسىراتلىرى ..............................ئادىل خالىقجان46


**ئەدەبىيات گۈلزارى**


مۇشۇ كۆڭلەرىدىكى مەن .........(ئىزدەنمە ھېكايە)..............غەيرەت ئاسىم54
رۇبائىيلار..................................... ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن57
شام ۋە ئادەم.................................. ئابدۇقادىر جالالىددىن58


**مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر قانىتى**


نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ............. ئادىل مۇھەممەت تۇران59


**«ئۆزۈڭنى تونۇ!»**


ھەممىمىز ئىنژېنېر...............................ئەنۋەر ئايمۇھەممەت65


**تەپەككۇر كۆزى**


تەپەككۇر مېۋىلىرى ......................ئابدۇللا ياقۇپ قاتارلىقلار70


**تەرجىمە كۆزنىكى**


مىللى كىملىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مەنبەسى.............. قادىر ئارسلان تەرجىمىسى75


**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: بەگمەت يۈسۈپ**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


(60 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمىي 310 ـ سان)



باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# مەڭگۈ خەلق ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى

## — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

«خەلق گېزىتى» باش ماقالىسى

بۇنىڭدىن 90 يىل ئىلگىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھايات - ماماتلىقىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلدى. بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش جۇڭگو ئىنقىلابىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلىپ، جۇڭگونى يېڭى ئىستىقبالغا يۈزلەندۈردى.

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىغا 90 يىل بولغان پەيتتە، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى، قۇرۇلۇش يوللىرىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتىنى ئەسلىسەك، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغ پىلانى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ سەھىپىسى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ بۇرچىغا نەزەر سالساق، 80 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى، 1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگو خەلقى روھلانماي، پەخىرلەنمەي، شەرەپ ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

1921- يىلىدىن 2011- يىلىغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى باشلاپ، مەڭگۈ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئۈچ چوڭ ئىشنى تاماملىدى، يەنى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى جۇڭگونى قۇردى، سوتسىيالىزم ئاساسىي تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇستەقىل، خېلى مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئاچتى. بۇ ئۈچ چوڭ ئىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو تارىخىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتتى، جۇڭگو خەلقىنى داغدام يولغا باشلاپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى، تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

1921- يىلىدىن 2011- يىلىغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى باشلاپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئۈچ ئۆزگىرىشنى تاماملىدى، يەنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن مىللىي مۇستەقىللىق قولغا كەلتۈرۈلگەن، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى جەمئىيەتكە، يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن ھاياتى كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە، يېپىق، يېرىم يېپىق ھالەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشكە ئۆتتى. بۇ ئۈچ ئۆزگىرىش يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭگونىڭ ئېچىنىشلىق ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈزۈلكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىش، ئۇلۇغ گۈللىنىش يولىغا مېڭىش تارىخىي مۇساپىسىنى باشلىدى.

دۇنياغا نەزەر سالساق، قايسى پارتىيە كونكرېت ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش داۋامىدا نەزەرىيەنى ئۈزۈلكسىز يۇكسەلدۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە قەدەر، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ھەرىكەت قىبلىنامىسىغا ئىگە قىلغان نەزەرىيەنى شەكىللەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلالىغان؟

دۇنياغا نەزەر سالساق، قايسى پارتىيە بۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالىغان؟ 28 يىللىق ئىنقىلاب مۇساپىسى بىر پارتىيەنىڭ كۆرەش

مەخسۇس سەھىپە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خاتىرىلىدى؛ 30 يىللىق قۇرۇلۇش بىر مىللەتنىڭ قەيسەرانە كۈرەش قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە شاھىت بولدى؛ 32 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشىنى چۈشەندۈردى.

قانچىلىك تەنتەنە، قانچىلىك مەردانىلىك، قانچىلىك شەرەپ-ھە! 90 يىللىق بوران - چاپقۇننىڭ چىنىقتۇرۇشى ئارقىلىق كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، كومپارتىيە بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى، دېگەن ھەقىقەت ئايان بولدى.

نۇرغۇن ئۇڭۇشسىزلىق، ئىزدىنىش ۋە كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. قايىنام - تاشقىنلىققا تولغان 90 يىلدا بىزنىڭ خەلق — پارتىيەنىڭ ئاساسى، جان تومۇرى، كۈچى، دېگەن ئېتىقادىمىز يەنىمۇ چىڭىدى.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. پارتىيەنىڭ 90 يىللىق تەرەققىيات تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەمىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرولۇق كۈچكە ئايلىنىپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم تارىخىي تاپشۇرۇقىنى ئۈستىگە ئالالىشى، كەسكىن، ئۆزگىرىشچان ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالىشىغا ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى داۋاملىق ساقلىغانلىقى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى باشتىن - ئاخىر ساقلىغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقى تۈپ سەۋەب بولدى. پارتىيەدىكى بارلىق يولداشلار شۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە ساقلىشى كېرەككى، خەلققە زىچ تايانغان، خەلققە ئىشەنگەن، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەندىلا، ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرۇشتىكى كۈچ مەنبەسىگە ئېرىشەلەيمىز، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىدە دەۋر ئېقىمىغا باشتىن - ئاخىر يېتەكچىلىك قىلالايمىز.

ھازىر بىز يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، «12- بەش يىل» دىكى ئۇلۇغ پىلاننى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتا ھەم تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتكە، ھەم ھەر خىل خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز. ئىلمىي تەرەققىياتنى قەتئىي ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن سىناق بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن سىناق ھېسابلىنىدۇ. پارتىيەدىكى بارلىق يولداشلار جەزمەن بۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلىشى، پارتىيە خىزمەتلىرىنى تاماملاشنى خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى خەلقنىڭ تارىخىي سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن، ئالىيجاناب غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىسلاھات - تەرەققىياتنىڭ ئېغىر ھەم جاپالىق ۋەزىپىلىرى ئالدىدا، جەزمەن بوشاشماستىن ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېتىقادىنى چىڭتىپ، ئۇنى بارلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، باھالاش، تەكشۈرۈشنىڭ ئالىي ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى يېتىپ كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلغان كۈنگىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى يېتىپ كېلىپ زامانىۋىلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان كۈنگىچە، بىز جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەستىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، خەلق ئۈچۈن تەرەققىي قىلىش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيەدىكى بارلىق يولداشلار شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كۈچەيتكەندىلا، تەقدىرىمىزگە ئىگە بولالايمىز، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەندىلا، دەۋر بىلەن تەڭ ماڭالايمىز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىلا، دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى بېيىتالايمىز، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

مەڭگۈ خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىلا، تارىختا، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان يېڭى سەھىپە يارىتالايمىز، ھەممىمىز يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا باش ئەگمەي، توختىماي ئىزدىنىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالغا باسايلى!

---

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2011-يىلى 1-ئىيۇل سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



# ئوي ـ پىكىر ۋە كىشىلىك قەدىر

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

ئىنسان پىكىر ۋە چۈشەنچىدىن تەشكىل تاپقان، قالغىنى سۆڭەك ۋە ئەسەبتۇر.

ـــ جالالىددىن رۇمى

ئىنساننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ئۇنىڭ خىيالىدۇر.

ـــ نايولېئون خېئۇل

## قانداق ياشاش ئوي ـ پىكىرگە باغلىق

ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ ئوخشاشلا ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتلىق رىقابىتى ئۆزىنى قوغداش ۋە قورساق تويغۇزۇشتەك ماددىي ئېھتىياجنى ئاساس قىلسا، پىكىر قىلالىغانلىقى بىلەن ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجدىن تۇغۇلىدۇ. گەرچە، ئادەملەر تۇغۇلۇشتا ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ھاياتلىق مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدىكى تەقدىر قىسمەتلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەلمىساقتىن بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانلار باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ھاياتلىق مۇۋازىنىتىنى غايە قىلىپ ياشاپ كەلگەن ھەم بۇ خىل ئىدىيال غايىنى رېئاللاشتۇرۇش يولىدا ساناقسىز بەدەل ۋە قۇربانلىقلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل غايىۋى ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بولالمىدى. قارايدىغان بولساق، بەزىلەر قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان كاتتا زەردار، بەزىلەر تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن موھتاجلىق قاتلىمىدا ئىڭراۋاتقان كۆك نامرات؛ بەزىلەر ئىدارە ـ ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا ئىشلەپ مائاشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي يۆلەنچۈككە تايىنىپ كۈنلىرىنى نورمال ئۆتكۈزۈۋاتقان «ئاق ياقىلىقلار» دەپ قارالغان ئىشچى ـ خىزمەتچى؛ بەزىلەر ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى ئۈچۈن يىلبويى پالاقشىپمۇ بىر ئۆمۈر موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان جاپاكەش دېھقان؛ بەزىلەر بولسا نامى ـ شۆھرىتى خەلقئالەمگە ئايان كاتتا ئالىم، يازغۇچى، پەيلاسوپ، سىياسىيون، كەشپىياتچى، كارخانىچى... يەنە بەزىلەر ھاياتىي كۈچى خارابلاشقان، ھېچقانچە تەسىر كۈچى يوق، يۇرت ـ ئاۋام ئىچىدىمۇ قىسمەن ئادەملەرلا تونۇيدىغان تۆۋەن قاتلامغا مەنسۇپ ئادەتتىكى كىشىلەر؛ بەزىلەر بولسا بىرەر ئېغىز گېپى ياكى بىرەر جۈملە بۇيرۇقى بىلەن

ئىدىيە ۋە ھەرىكەت

مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، كاتتا نوپۇز ۋە ئەڭ زور تەسىر كۈچىگە ئىگە ئەربابلار؛ بەزىلەر ئەقىدە- ئېتىقاد، غۇرۇر ۋە كىشىلىك قەدىر- قىممەت تۇيغۇسىدىن ياتلىشىپ ئابرۇي- ئىناۋەت، ھۆرمەت، ۋە نام- ئاتاق دېگەنلەردىن شۇنچە يىراقلىشىپ كەتكەن، كىشىدە ئارتۇقچە ئادەملەردەك تۇيغۇ تەسىرات پەيدا قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ بولالمايۋاتقان، ھاياتلىق سەھنىسىدە قېقىلىپ- سوقۇلۇپ ياشاۋاتقان تەبىئىتى تولىمۇ ئاجىز كىشىلەر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى بىرلىرى ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ مەئىشەتتە ياشىسا، بىرلىرى جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك مۇشەققەتلىرىدە تېپىرلاۋاتقان، بىرلىرى ھاياتنىڭ قۇلىغا، يەنە بىرلىرى ھاياتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان. قىسقىسى، بىز ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياشاشتىكى مۇددىئا- مەقسەتلىرى ئوخشىمىغاچقا تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ياشاشتىكى مۇددىئا- مەقسىتى ئېنىق، غايىسى بىرقەدەر يۈكسەك كىشىلەرنىڭ ھاياتنىڭ مەنە- ماھىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۆز قىممىتىنى ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ كىشىلىك ھاياتنى پارلاندۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، پىكىر- قاراشلىرى ھاياتنىڭ تاشقى پوستىدىكى ھادىسىۋى نەرسىلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ ھاياتقا سوئال قويمىغانلارنىڭ ياشاش ئەمەس، بەلكى، يېيىش تېپىدىكى بەندىلەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ خىل باراۋەرسىزلىكنى ئادەملەرنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ ئوي- خىيال، پىكىر- قاراشلىرىدىكى ئوخشىماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئوي- پىكىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى، ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى شەكىللەندۈرىدىغان يادرولۇق ئامىل بولۇپ، بىزنىڭ بارلىق ئىش- ھەرىكەت ۋە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىز ئوي- پىكىرلىرىمىزدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. «بۈيۈكلۈكنىڭ كۆز يەتمەس چوققىسى» دەپ تەرىپلىنىشكە مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقان روھىيەت ئىلمىنىڭ پېشىۋاسى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر جالالىددىن رۇمى (1206- 1273) نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا: «ئىنسانلار پىكىر مۇلاھىزىسىز ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ، جامادات( جىسىم) ھېسابلىنىدۇ، كۆرۈنۈشىدىن يۈز ياشتا بولسىمۇ، ئەمما نەرسىلەرنىڭ زاھىرىنىلا بىلەلەيدىغانلار يەنىلا بالىدۇر. بىز ئەزگۈ چۈشەنچىلەر ياۋۇز چۈشەنچىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى ئۈچۈن كۈرەشمەكتىمىز. ئەسلىدە ئەڭ بۈيۈك جەڭ ۋە كۈرەش شۇ ئەمەسمۇ؟ ... ئىنسان بۈيۈك مۆجىزە ۋە ئۇچىدە ھەممە نەرسە يېزىلغان. بىراق زۇلمەت ۋە پەردىلەر باركى، ئۇلار يېزىقلارنى ئوقۇقۇشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ» [1] دەپ قاراپ، پىكىر بىلەن ئادىمىيلىك قىممىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنسان روھىيىتىنىڭ چەكسىز خەزىنە ئىكەنلىكى، پىكىر ۋە ئىدىيە كۆرىشىنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۆرەش ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئەقىل ۋە مېڭىنى نىمىگە ئىشلىتىش ھەققىدىكى چوڭقۇر مەنالار بىلەن سۇغىرىلغان قاراشلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق شەرھلەيدۇ: « مېڭىسى يوق كاللىنىڭ ھېچنىمىگە يارىمىغىنىدەك، پوستى يوق مېۋە ئۈنمەيدۇ... ئىنساننىڭ ئەقلى ساز بولمىسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئىشلىمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئايىغى تۈز يولدا يۈرەلمەيدۇ، كۆزى كۆرەلمەيدۇ، قۇلىقى سۆزنى توغرا ئاڭلىيالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن بارچە ئىش- ھەرىكەت ئەقلىنىڭ شاراپىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ...سەن شاھلارنىڭ خەزىنىلىرىدە بولىدىغان قىممەت باھا پولاتتىن تەييارلانغان ھىندى قىلىچىنى پىچاق ئورنىدا گۆش توغرىساڭ ياكى ئالتۇن قاچىدا چامغۇر قايناتساڭ ۋە ياكى گۆھەر بىلەن بېزەلگەن خەنجەرنى مىخ ئورنىدا قېقىپ كاۋا ئېسىپ قويساڭ... ئۇ ۋال بولماسمۇ.» [2] دېمەك جالالىددىن رۇمى « قۇرتنىڭ يەر ئاستىدا، زۇلمەتتە ياشىغىنىدەك بەزىبىر ئادەملەرمۇ بۇ دۇنيانىڭ زۇلمىتى بىلەن كۆپايىلىنىدىغانلىقى»نىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئوي- پىكىرلىرىنىڭ نابابلىقىغا، ئەقىل- پاراستىنىڭ كورلىقىغا ئايرىپ تاقايدۇ.

خۇددى بۇلاق سۈيىنىڭ مەنبەسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى بولغىنىدەك، ئوي- پىكىرمۇ مەنىۋى مۇكەممەللىكنىڭ، ھاياتىي كۈچنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق دەستۇرلىرىدىمۇ ئوي- پىكىرنىڭ ئىدىيەنى، ئىدىيەنىڭ پوزىتسىيەنى، پوزىتسىيەنىڭ ھەرىكەتنى، ھەرىكەتنىڭ تەقدىرنى بەلگىلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئادەم قانداق ئوي- پىكىردە بولسا ھاياتقا نىسبەتەن شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ، ھاياتتىن ئالىدىغان ھوسۇلىمۇ ئوي- پىكىرنىڭ قانداقلىقىغا قارىتا بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلارغا ئىلھامبەخش ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان نۇتۇقلىرى ئارقىلىق، مىڭلىغان مىليونلىغان كىشىلەرگە روھىي تەسەللى بېرىپ ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرگەن كاتتا نوپۇز ئىگىسى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ رومان. ۋ. پېيىر ئېيتقاندەك:« مۇۋەپپەقىيەت بىر خىل پوزىتسىيە. پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!»بەزى كىشىلەر غۇربەتچىلىكنىڭ ئاچچىق تەمىنى دېيەرلىك تېتىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ خىل

تۇرمۇشنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدا تۇرمۇش ئەسلىدىن شۇنداق دېگەن قاراش مۇقىملىشىپ قالغان. شۇڭا ئۇنداقلار ئۆتنۈۋاتقان كۈنلىرىگە شۈكۈر-قانائەت پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ « تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئادىل، باراۋەر مۇئامىلە قىلمايۋاتقان»لىقى ھەققىدىكى دادلاشلىرىنى، تەقدىر قىسمەتلىرى ھەققىدىكى ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە قانداق «يارىلىش» مەسىلىسى ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە يىلتىزىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئىزدەپ كۆرمەي، ھە دېسىلا باشقىلاردىن كۆرۈش، تاشقى دۇنيادىن سەۋەب ئىزدەش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. فىزىكا ئالىمى پاسكال:« ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىش ئۇلۇغلۇقتۇر» دېسە، جاڭ لىچۈن: « ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا باھا بېرەلىگەن ۋۇجۇد چوقۇم قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ» دەيدۇ.

تاشلىنىپ ياتقان بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىكارىنىڭ قولىدا ئېسىل زىننەت بۇيۇمغا ئايلىنىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. نەرخى تولىمۇ ئەرزان گرافىتنى( قېرىنداش قارىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى) ئالاھىدە شارائىتتا قىممىتى شۇ قەدەر يۇقىرى ئالماس ۋە بىرلىيانتقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى تاش بىلەن زىننەتلەنگەن تاشنىڭ تەركىبى ئوخشاشلا كالتسىي كاربونات، ئالماس بىلەن گرافىتنىڭ تەركىبى ئوخشاشلا كاربون ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قارىماققا ئۇلارنىڭ شەكلىدە زور ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەن ماھىيىتى ئوخشاش. دەرۋەقە دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى ئوخشاشلا تەن ۋە روھتىن تەشكىل تاپقان. بىراق ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا بەزىلەر «ئالماس»قا ئايلانسا، بەزىلەر ئادەتتىكى تاشتەك ئېتىبارسىز قارىلىپ تاشلىنىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ بىراۋنىڭ ياشاش شەكلىنىڭ قانداقلىقى، قايسى ھالدا ياشاۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولۇپ، بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئوي- پىكرىنى يېڭىلىماي، ئوي- پىكىرلىرىنى ئىلغارلىققا، يۈكسەكلىككە ئىگە قىلماي تۇرۇپ يېڭىچە ياشاش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلالمايدۇ. بىز ئوقۇش ھاياتىمىزدا مۇئەللىملەرنىڭ دەرسلىك كىتابلاردىكى بىلىملەرنى تۈجۈپىلەپ چۈشەندۈرۈشى ھەم ئۆزىمىزنىڭ بەلگىلىك تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئازدۇر- كۆپتۇر بولسىمۇ پەننىي ۋە نەزەرىيەۋى بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولدۇق. ئەلۋەتتە ئۆگەنگەنلىرىمىز ئىچىدە كىتابىي بىلىملەر كۆپ، ئەمەلىي بىلىملەر ئاز، بىۋاسىتە پايدا - نەپ تېگىدىغان بىلىملەر كەمدىن- كەم بولىدى. ئادەم روھقا تايىنىپ ياشايدۇ، ئىنسان ئۈچۈن روھ ئەڭ زور قىممەتلىك ئىدىيە بايلىقى بولۇپ، روھ قانچە زەئىپلەشكەنسېرى قىسمەت ۋە ئازابلارمۇ شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ، روھنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئۇرغۇتماي، ھاياتىي كۈچنى ئاشۇرماي تۇرۇپ بەختكە تۇتاشقان ئىستىقبال مەنزىلى قۇچاق ئاچمايدۇ.« روھىي كۈچ، ئىدىيەنىڭ قۇدرىتى بارلىق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھەقىقىي كۈچتۇر.»[3] روھىيەت ئىلمى ئادەمگە ئۆزىنى تونۇتىدىغان، ئالدى بىلەن ئۆگىنىش كېرەك بولغان كاتتا ئىلىم ئىدى. ئەپسۇسكى بىز روھىيەتكە ئائىت بىلىملەردىن بولۇپمۇ ئىنسان تەبىئىتىنى، ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى، ئىنسان ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۈچ-قۇدرەتنى تونۇتىدىغان ھەم ئۇنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان، ئادىمىلىك قەدىر- قىممەت ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنى ئويغىتىدىغان، ياشاش سەنئىتىنى ئۆگىتىپ ھاياتقا نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇنى پەيدا قىلىدىغان يەنى ھاياتنى ھەقىقىي مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىلىملەردىن ئاساسەن دېگۈدەك خەۋەرسىز قالدۇق. خۇددى نانىنىڭ ماددىي قىممىتىنى تونۇپ مەنىۋى قىممىتىنى چۈشەنمىگەندەك، بىزمۇ دىققەت- ئېتىبارىمىزنى باشقا بىلىملەرگە قارىتىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتىدىغان روھىيەت ئىلمىگە تولىمۇ ئېتىبارسىز قارىدۇق. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز تىرىكچىلىكلىرى، تاشقى دۇنيادىكى شەيئى- ھادىسىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولغان، ئادىمىلىكنىڭ ئەڭگۈشتەرى ھېسابلىنىدىغان ئۆزلۈك ئېڭىدىن ياتلىشىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، تەقدىر قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا تىرىشىدىغان ئاكتىپ ئىدىيەدىن مەھرۇم قېلىشتى. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈن ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشكۈنلەشكەن جۇڭگولۇقلارنىڭ زەئىپلەشكەن روھىي ھالىتىدىن ئېچىنىپ: « ئومۇمەن نادانلىقتا قالغان زەئىپ خەلق تەندە ھەرقانچە قاۋۇل ۋە ساغلام بولسىمۇ، پەقەت ئەھمىيەتسىز سازايىگە ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن، كېسەلدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. شۇڭا ھەممىدىن ئاۋال ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن» [4] دەپ ھەسرەت چەككەن ھەم تەننى داۋالاشتىن روھنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ماقالە ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىنى ئويغىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئىدى. گەرچە ئىنسانلار ئەقىل-پاراسەتنىڭ قۇدرىتىنى

uyghurkitap.com

نامايان قىلىپ دۇنيانىڭ ئۇرغۇن سىرلىرىنى ئاچالىغان بولسىمۇ، روھىيەتتىكە يوشۇرۇنغان سىرلارنىڭ مۇقەددىمىسىنى تېخى ئېچىپ بولالىغىنى يوق. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماقنىڭ تەس» لىكى تەشەببۇس قىلىنماقتا. روھىيەت ئىلمى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىنى تونۇشىغا نىسبەتەن ئېھتىياج ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، روھىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولسا كېرەك.

## ئوي- پىكىرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك

پىكىر بىلەن بىلىم زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوخشىمىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر. بىلىم بولسا تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ كۆپ قېتىملىق سىناقلىرىدىن ئۆتكەن تەييار ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ ئاسانلىقچە كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىمايدۇ ھەم مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مىسالەن، كۈچ تەسىرى ئۆزئارا بولىدۇ. تەسىر كۈچ قانچە چوڭ بولسا ئەكس تەسىر كۈچىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بېسىم كۈچى ئارتقانسېرى قارشىلىق كۈچىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش فىزىكىلىك چۈشەنچىلەر تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى بولۇپ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. خىمىيە پېنىدە، ئاتوم ماددىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق زەررىچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتومنىڭ مەركىزىدە مۇسبەت زەرەتلىك ئاتوم يادروسى بولىدۇ، يادرو سىرتىدا مەنپىي زەرەتلىك ئېلېكترونلار بولۇپ، ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيەسى ئوخشىمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. خۇددى يانچۇقىدا پۇلى يوق ئادەم ئۆيىنىڭ ئەتراپى، يۇرت- مەھەللىدىن ھالقىپ كېتەلمەي تىرىكچىلىك قىلغىنىدەك، ئېنېرگىيەسى ئاجىز ئېلېكترون يادروغا يېقىن دائىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. پۇل (ئېنېرگىيە) قانچە كۆپ بولسا رايون ھەتتا دۆلەت ئاتلاپ تىجارەت قىلغىلى بولغىنىغا ئوخشاش، ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيەسى ئارتىپ بارغانسېرى يادرودىن شۇنچە يىراق دائىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەتتا، يادرونىڭ تارتىش كۈچىگە ئانچە بويسۇنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ خىمىيە پېنىدىكى ئاتوم تۈزۈلۈشىگە ئائىت مۇھىم بىر بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180 گرادۇس بولىدىغانلىقى، 5نى 2گە كۆپەيتسە 10 بولىدىغانلىقى، سۇنىڭ ئېگىزدىن پەسكە ئاقىدىغانلىقى...ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولۇپ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىز بىلىمنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۇقۇم، چۈشەنچە، ئاكسىوما، تېئورېما، قانۇن، نەزەرىيەلەر ئاساسەن بىلىم دائىرىسىگە كىرىدۇ. پىكىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئوشۇ ھېكايەتلىرى» ناملىق كىتابتىكى مۇنۇ پەلسەپىۋى ھېكايەتكە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

بىر دېھقان «دىيالېكتىكا» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن باستېرنىڭ يېنىغا بارىدۇ. باستېر ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۇرمەكچى بولۇپ دېھقانغا:

—ئىككى ئادەم بار دەيلى، ئۇلارنىڭ بىرى ناھايىتى پاكىز، يەنە بىرى ناھايىتى مەينەت، ئىككىسى دەرياغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، قايسىسى دەرياغا چۈشۈپ يۇيۇنىدۇ؟— دەپ سورايدۇ. دېھقان ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا مەينەت ئادەمنىڭ يۇيۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. باستېر:

—خاتا، ئۇ نېمىشقا يۇيۇنىدۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق مەينەت يۈرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن. پاكىز ئادەم پاكىزلىقىنى ساقلىماقچى، —دەپ يەنە يۇقىرىدىكى سوئالنى تەكرارلايدۇ. دېھقان بۇ قېتىم پاكىز ئادەمنىڭ يۇيۇنىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ پاكىزلىققا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. باستېر يەنە:

—خاتا، ئۇ نېمىشقا يۇيۇنىدۇ؟ ئۇ پاكىزدە، مەينەت ئادەم يۇيۇنۇپ پاكىز بولماقچى، —دەپ يۇقىرىقى سوئالنى يەنە تەكرارلايدۇ. دېھقان بۇ قېتىم «دىيالېكتىكا» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالغاندەك، تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن:

— ھەر ئىككىلىسى يۇيۇنىدۇ، —دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن باستېر بېشىنى چايقاپ:

— ھەر ئىككىسى يۇيۇنمايدۇ، ئۇلار نېمىشقا يۇيۇنىدۇ؟ پاكىز ئادەمنىڭ يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، مەينەت ئادەم بولسا مۇشۇنداق مەينەت يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، —دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كىمنىڭ يۇيۇنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ سوئال باشقىلاردىن سورالسىمۇ خۇددى دېھقاننىڭ ئوخشىمىغان جاۋابلىرىغا ئوخشاش، ھەر خىل قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقى تەبىئىي. ئەمەلىيەتتە پاكىز ئادەم يۇيۇنامدۇ، مەينەت ئادەم يۇيۇنامدۇ، ھەر ئىككىسى يۇيۇنامدۇ ياكى ھەر ئىككىسى يۇيۇنمامدۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. بۇ مەسىلىگە ھەر كىم ئۆز بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئېھتىماللىققا ئەڭ يېقىن دەپ قارىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېھقان باشتا «مەينەت ئادەم يۇيۇنىدۇ» دەپ قارىغانغا ئوخشاش، بەزىلەرنىڭ پىكىر قاراشلىرى تولىمۇ يۈزە، يەنى تۈز سىزىقلىق پىكىر قىلىش شەكلىدە بولسا، بەزىلەرنىڭ پىكىر- قاراشلىرى باستېرنىڭكىگە ئوخشاش بىرقەدەر ئەتراپلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. دېھقان بىلەن باستېرنىڭ جاۋابىنى پىكىر دەپ قاراشقا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. پىكىر بولسا كىشىلەرنىڭ شەيئى، ھادىسە ۋە رېئال تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەندۇرگەن پىكىر-قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەزى پىكىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا، بەزى پىكىرلەر ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى پىكىرلەر كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشىگە ئېرىشسە، بەزىلىرى رەت قىلىنىدۇ. پىكىر ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئۆز ئالدىغا شەكىللىنىدىغان بولغاچقا، بىلىمگە قارىغاندا پىكىرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ، پىكىرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا توغرا بولۇپ كېتىشى ياكى ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ناتايىن. ئەگەر ئوقۇتقۇچى: «سۈركىلىش كۈچى بولمىغان دۇنيا قانداق بولىدۇ؟»، «2012-يىلى راستتىنلا ئاخىر زامان بولامدۇ؟» دەپ سورىسا، ياكى بىرەر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ «قېنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار؟ سىزنىڭچە بۇ خىل قاراش توغرىمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىسا، ئوقۇغۇچىلار خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جېدەللىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا نىسبەتەن كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردا بولىدۇ. ساقچىلار قىيىن بىر دېلوغا دۇچ كەلگەندە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. دوختۇرمۇ بىمارنىڭ تۈرلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن پىكىر يۈرگۈزۈپ كېسەلگە دىياگنوز قويىدۇ. بىرەر رەھبەرنى باھالىماقچى ياكى ئادەتتىكى كادىرنى ئۆستۈرمەكچى بولسا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن پىكىر ئېلىنىدۇ. دېمەك ئوخشاش بىر مەسىلىگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ پىكىر-قاراشلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا پىكىر ئاسانلا گۇمانلىنىشقا ئۇچرايدۇ. يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا ئوبرازلىق تەپەككۇرغا كۆپرەك تايانسا، ماتېماتىكلار كۆپرەك لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. مۇتەپەككۇرلار مەسىلىلەرگە كۆپىنچە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر نۇقتىسىدىن قارايدۇ. بەزى پىكىرلەر ھېسسىي بىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، بەزى پىكىرلەر ئەقلىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر پىكىر رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس كېلىپ قالغان بولسا ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ كاللىسى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، پىكىر-قاراشلىرىمۇ ناھايىتى يۈزە ۋە قاتمال بولغاچقا، ئاسانلا باشقىلار تەرىپىدىن تېڭىلغان ئىدىيە-قاراشلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىپ ساختا ھەقىقەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ئادىمىيلىك قىممەتنىڭ ئەڭگۈشتەرى ھېسابلىنىدىغان ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىرەر مۇستەقىل قارىشى بولماسلىق، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى بويىچە ياشاشتەك روھىي مەھكۇملۇق ئۇلارنى دەۋرنىڭ ئارقىدا قالدۇرۇپ قىسمەت تۈۋرۈكىگە مىخلايدۇ. بەزىلەرنىڭ پىكىر-قاراشلىرى ناھايىتى ئىلغار بولۇپ باشقىلارنى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەم تىلى چىقىشى بىلەنلا گەپ قىلىشقا باشلايدۇ، گەپ ئارقىلىق مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى مېڭىنىڭ ئاساستا سۆزلەش، تىلنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتكە ئىگە قىلىش، مۇددىئا-مەقسىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلىنىشىدىغان پاراڭلار گەپ ھېسابلىنىدۇ. نە تۇتامى، نە بىرەر پايدىسى بولمىغان، كىشىلەرنىڭ بىھۇدە ۋاقتىنى ئالىدىغان تۇتۇرۇقسىز پاراڭلار قۇرۇق گەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل ۋە ئېتىقاد تەرك ئېتىلگەن جەمئىيەتتە قۇرۇق گەپ بازار تاپقان بولىدۇ. قۇرۇق گەپ ساتقۇچىلارنىڭ مەنىۋىيىتى شۇ قەدەر نامرات بولغاچقا ھەر قاچان غەيۋەت-شىكايەت، پىتنە-پاسات، جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭلاردىن خالىي بولالمايدۇ. قۇرۇق گەپنى ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدەك پاسسىپ ئىجتىمائىي كىلىمات كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەپ قىلىشقا ھېچقانچە كاللا ئىشلىتىش كەتمەيدۇ، گەپنى قانداق قىلسا، نېمە دېسە بولىۋېرىدۇ. پىكىرنى بولسا ئويلىنىش، ئىدراك قىلىش، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئامىللىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە قىلىنىشۋاتقان پاراڭلارنىڭ تېمىسىدىن شۇ ئادەملەرنىڭ ساپاسىغا قىياسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ سورۇن ۋە يىغىلىشلاردا قانداق تېمىلاردا پاراڭ قىلىنىشىدىغىنىمىز ئۆزىمىزگە بەلگىلىك. بىراق ئىلىمگە ئېتىقادى كۈچلۈك يەھۇدىيلارنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپ، نەزەردائىرىسى كەڭ بولغاچقا، تونۇشمايدىغان ئىككى يەھۇدىي بىر يەرگە جەم بولۇپ قالغاندا قايسى تېمىدا گەپ قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولمايدىكەن، دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشايدىغان بىرەر جانلىق ھەققىدە گەپ بولغاندىمۇ، ئىككى تەرەپ شۇ تېمىغا ئاسانلا ماسلىشىپ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى قىلىشالايدىكەن. ئوقۇشۇمچە كىتابخۇمار فرانسىيەلىكلەرمۇ ئۆزئارا كۆرۈشكەندە سالامدىن كېيىن كۆپىنچە، بىر-بىرىدىن يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سورىشىدىكەن، قارشى تەرەپ كۆرمىگەن بولسا بۇ ئىشتىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. بىز باشقىلارنىڭ پىكىرگە، ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇق پاراڭغا ھېرىس ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلمىساق ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق پاتقاققا پېتىۋېرىپ

چىقالمايدىغان خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىشىمىز تەبىئىي.

پىكىر قىلىۋاتقاندا مېڭىمىز تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيادىن كېلىۋاتقان ئۇچۇرلارغا قارىتا پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا پىكىر قىلىش ئۇچۇن كاللا ئىشلىتىشكە، خامنى پىششىققا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. پىكىر شەكلەن نەرسىلەرگە قارىغاندا ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئېتىبار بىلەن قارىغاچقا ئۇنىڭدا ئەقىل- پاراسەتنىڭ جۇلاسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا پىكىر ئىلغارلىقى بىلەن تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى گەپ- سۆزلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىلىم تەجرىبىسى مول، گۇمانىي قاراشقا باي كىشىلەرنىڭ پىكىر يوللىرى كەڭ بولۇپ مەسىلىلەرگە كۆپ خىل نۇقتىدىن پىكىر يۇرگۇزەلەيدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسى ئادەتتىكىچە كىشىلەرنىڭ پىكىرمۇ ئادەتتىكىچە بولىدۇ. سىياسىيون، پەيلاسوپلارنىڭ پىكرى ئەقىل- پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، كۈچلۈك يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىجادىي پىكىر بولسا بىلىمنى چەكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بايقاش، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك بەزى پىكىرلەرگە خۇددى ئاتوم بومبىسىدەك قۇدرەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. پاسكال :« ئادەم پىكىر قىلىش ئۇچۇن يارىتىلغان، ئادەمنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقى ۋە تۆھپىسى مۇشۇ يەردە، ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى توغرا پىكىر قىلىشتا» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە ياخشى پىكىر قىلالايدىغان كاللىغا ئىگە بولۇش ئادەم ئۇچۇن ئەڭ زور قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. دالې كارنېگ: « پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاقىللارنىڭ، گەپ قىلىش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىشى» دېگەن ئىكەن. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ۋە يازغۇچى مورتىمېر ئادلېر بىلىم بىلەن پىكىرنىڭ پەرقى ھەققىدە توختىلىپ: «بىرلا شەكىلدە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە بىلىمدۇر؛ ئۇ خىل ياكى بۇ خىل شەكىلدە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە پىكىردۇر. ماتېماتىكا ۋە ئىلىم- پەن ساھەلىرىدە بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، تەجرىبە پەنلىرى ۋە تارىخ ئىلمىدە بولسا، ئەمەلىيەتتە يېقىن پىكىرلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» [5] دەپ قارىغان. پىكىر بىلەن ئۆگىنىش زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ پېداگوگلار: «پىكىر ئۆگىنىشنىڭ يادروسى، ئۆگەنگەن بىلەن پىكىر قىلمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ. پىكىر قىلغان بىلەن ئۆگەنمىسە تۇگەيدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەتتە پىكىر قىلىدىغانلارغا قارىغاندا گەپ قىلىدىغانلار ئاۋۇپ كەتسە، بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى، كىشىلەر ۋۇجۇدىنىڭ روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىش كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، خەۋپىنىڭ كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز ئويىنى ئاددىي ھالدا چۈشىنىدۇ. ئوينىڭ نېمىلىكىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىش ئۇچۇن خاتىرە ۋە خىيال ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خاتىرە بولسا ئىلگىرىكى كەچۈرمىش ۋە تەجرىبىلەرنىڭ مېڭىدە قايتا ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ پىسخىك ھادىسە بولۇپ، خاتىرە پائالىيىتى ئەستە ساقلاش، تونۇش ۋە ئەسلەش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم ھېسسىي بىلىش ھەم ئەقلىي بىلىش ئامىللىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە رول ئوينىغان بولىدۇ. ئادەتتە ئېڭىمىزغا سانسىزلىغان ئۇچۇرلار تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پايدىلىقلىرىمۇ، زىيانلىقلىرىمۇ، پاراسەتكە دالالەت قىلىدىغىنىمۇ، ئاڭنى چىرىتىدىغان ھەم زەھەرلەيدىغان ئەخلەت ئىدىيەلەرمۇ، ھىيلە- مىكىر بىلەن بابلايدىغان قىلتاقلارمۇ بولىدۇ. غەرەز ئۇقمايدىغان، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان ئەقلى كوتا كىشىلەر خەشەك ئايرىماي ھەممىنى قارىقويۇق قوبۇل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاقىللار ئالدى بىلەن نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، پايدىلىق ئۇچۇرلارنى ئەستە ساقلاشقا تىرىشىدۇ ھەم ئەستە ساقلىغانلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. ئەلۋەتتە شەيئى- ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلار يوشۇرۇپ تۇرغان ماھىيەتلەرنى بىلىشكە نىسبەتەن مەقسەت قانچە ئېنىق بولسا ئەستە ساقلاشمۇ شۇنچە ياخشى، ئوي- پىكىرمۇ ئەتراپلىق ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەسلەش، ئويلاشلار تەجرىبە- ساۋاقلارغا ئېرىشىش، ئىچكى ئېنېرگىيەنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلسا ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەن كەچمىشلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىش، قۇرۇق ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشاش ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە باركېلېي: « بىر ئادەم ئۈمىدسىز ھالدا پەقەت ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئەسلىمىلەر بىزنى كۈچ- قۇدرەتكە تولغان ھالدا ياشاشقا ئىلھاملاندۇرالمايدۇ. ئەسلىمىلەر خۇددى جىنايەتچىنىڭ تۈرمىدىن قاچقىنىغا ئوخشاش، پەقەتلا رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، خالاس» [6] دېسە، دوكتور ئەسئەت سۇلايمان:«ھاياتتا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشقا تەسەللىسى قالمىغان خەلق ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان بىر قېرى بوۋايغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىن ئىزدەيدىغىنىمىز يالغۇز تەسەللىلا ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى ھاياتىي كۈچىمىزنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان روھىي ئېنېرگىيەدۇر» [7] دەيدۇ. خىيال بولسا ئىلگىرىكى كەچۈرمىش ۋە تەجرىبىلەرنىڭ مېڭىدە قايتا پىششىقلاپ

ئىشلىنىشى ئارقىلىق، يېڭى شەيئى ئوبرازىنى ھاسىل قىلىش، يېڭى بىلىشكە ئېرىشىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، خاتىرە ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلەرنى ئاساس قىلسا، خىيال كۆپىنچە كېيىنكى كەچمىشلەرنى يارىتىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. خاتىرىگە قارىغاندا خىيالدا تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئامىللار گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا خىيالنى ئالاھىدە شەكىلدىكى تەپەككۇر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر كاللىدا قۇرۇق لىنتا قاچىلانغان ئاپپاراتتەك ھېچقانداق كەچۈرمىش بولمىسا خىيالمۇ شەكىللەنمەيدۇ. ئەكسىچە بىر ئادەم قانچە كۆپ تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولسا، مېڭىسىگە قاچىلانغان تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرى قانچە مول بولسا خىيال تەسەۋۋۇرىمۇ شۇنچە كەڭرى بولىدۇ. خىياللىرىمىز رېئاللىقتىن ھەرقانچە ھالقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، رېئال دۇنيا خىيالنىڭ ئەسلىي مەنبەسى، ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى خىيالغا تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ھۇرۇن، ئىدىيەسى قاشاڭ ئادەملەر كۆپىنچە ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ «بەڭگىنىڭ خىيالى»نى سۈرىدۇ. بۇنداق قۇرۇق خىيال ئادەمنى رېئاللىقتىن بەزدۈرۈپ تۈيغۇ ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ، ئاخىر ھالاكەت گىرداۋىغا سۆرەپ بارىدۇ. جالالىددىن رۇمى قۇرۇق خىيالنىڭ زىيىنى ھەققىدە توختىلىپ: «خىيالدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە خىيال ئىچىدە ياشىغان ئادەم غەپلەتتىدۇر. پۈتۈن ئەس ـ ھوشى قۇرۇق خىيالغا باغلانغان كىشى ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ» دېگەن ئىكەن. خام خىيالغا بەلگىلىك ئىجادىي ئامىللار ئارىلاشقان بولۇپ، ئەگەر خام خىيال رېئاللىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى زور بولسا بۇنداق خام خىيال غايىگە ئايلانغان بولىدۇ. ئىزدىنىش روھىغا باي كىشىلەر ھاياتقا نىسبەتەن مۇددىئا ـ مەقسىتى ئېنىق، بىلىش پائالىيەتلىرىگە قارىتا ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار پوزىتسىيەدە بولغاچقا ئىجادىي خىيالغا ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئادەم رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز ھەم بىچارىلىقىنى ھېس قىلىپ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك چىرماشقا باشلىغاندا ئۆزىنى رېئاللىقتىن قاچۇرىدىغان، خىيال دۇنياسىدا ياشايدىغان، ئاشۇ شېرىن خىياللىرى ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. رېئاللىقتا قولىدىن كەلمەيۋاتقان ئىشلارنى، ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە غايىلىرىنى ئوي ـ خىياللىرىدا بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ پىغانلىرىنى بېسىقا ئورۇنىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئازراق بولسىمۇ روھىي تەسەللىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بۇ خىل چۈشكۈن روھىي ھالەت ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشسا رېئال دۇنياغا نىسبەتەن ئاكتىپ ئىنكاس تەدرىجىي يوقىلىپ، ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

خاتىرە ۋە خىيال ـ ئوي( ئويلاش ۋە ئويلىنىش)نى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئىككى ئامىل بولۇپ، ئوي ـ خىيالدىن پىكىر شەكىللىنىدۇ. ئەسلەش، مېخانىك ھالدا ئويلاش ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ مېڭىدىكى قايتىلانما ئىنكاسى بولسا، ئويلىنىش ئاشۇ كەچۈرمىشلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئويلىنىشتا پىكىر ۋە تەپەككۇر ئامىللىرى خېلى مول بولىدۇ. ئەسلەش ھادىسىنى ئاساس قىلسا، ئويلىنىش ماھىيەتنى چۆرىدىگەن بولىدۇ. خۇددى «قۇياش مەركەز تەلىماتى» ئەينى دەۋردە دىنىي جەمئىيەتنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرىغىنىدەك، بەزى ئوي ـ پىكىرلەر دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ۋاقتىلىق بولسىمۇ كۆڭۈلدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق بۈيۈك پەيلاسوپ سوقراتقا ئوخشاش ھەقىقەت ئۈچۈن ھەتتا ھاياتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان گىگانت ئادەملەرلا دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئۆزگەرتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. سوپىزمنىڭ ئەڭ بۈيۈك پەللىسىدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى بولغان مەنسۇر ھەللاجى ئەقىلچىلىق ئېقىمىنى تەرغىب قىلىپ، «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ زىندانغا تاشلانغان، ئۆز پىكرىگە ئاسىيلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى نەچچە كۈنگىچە ئېسىپ قويۇلغان، تېنى نەچچە پارچە قىلىپ چانىلىپ كۆيدۈرۈلگەن. بىراق ئۇنىڭ قاراشلىرى كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، بۈيۈك ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلىنىپ بارغان. بەزى ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ كىشىلەرگە سالىدىغان خەۋپ ـ خەتىرى چوڭ بولسىمۇ، بەزىدە بۇ خىل ئوي ـ پىكىر ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلىنىپ توسۇش قىيىن بولغان كۈچكە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىز ۋە تەقدىر قىسمەتلىرىمىزنىڭ يىلتىزى ئوي ـ پىكىرلىرىمىزگە چېتىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئوي ـ پىكىرنىڭ مۇھىملىقىغا نىسبەتەن تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆز قىممىتىمىزنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇبارەك قەدىمى ھېسابلىنىدۇ.

## ئوي ـ پىكىرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش

بىرەر ئوي ـ پىكىر كاللىغا كىرىۋالسا ئادەمگە ئارام بەرمەيدۇ، ئېڭىمىزدا ئوي ـ پىكىرنى رېئاللاشتۇرۇشقا

نىسبەتەن ئېھتىياج ۋە تەقەززالىق تۇيغۇسى كۈچەيگەندە، بۇ خىل ئاڭنىڭ ھەرىكىتى تەننىڭ ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر پارچە ئېسىل كىتابنىڭ بازارغا سېلىنغانلىق ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئاڭلاپ سېتىۋېلىش قارارىغا كەلگەن بولسىڭىز، شۇ ئىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىپ كىتابخانىغا قاراپ يول ئالىسىز. كېتىۋېتىپ تەبىئىي ھالدا ئەتراپىڭىزغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرىسىز، يېڭى ئىشلارغا ئۇچراپ قالىسىز، تونۇش-بىلىشلەر بىلەن يولۇقۇپ قېلىپ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىسىز، ھەتتا ئويلىمىغان ئاۋارىچىلىقلارغىمۇ يولۇقۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق بۇ ئۆتكۈنچى ئىشلار. كىتابنى سېتىۋالغاندىن كېيىن نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقىسىز. ئەگەر كىتابتىكى مەزمۇنلار سىزنىڭ ئىدىيىڭىزگە، قىممەت قارىشىڭىزغا كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ يېڭىچە ئوي-پىكىر ئاتا قىلالىسا، ھايات قارىشىڭىزدا قىسمەن ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان بولسا، چوقۇمكى بۇ خىل ئىدىيىنىڭ كۈچى ھەرىكىتىڭىزگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. دېمەك، كىتاب سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر ئوي سىزنىڭ بىر قاتار ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا، يېڭىچە ئىدىيىگە ئىگە بولۇشىڭىزغا سەۋەب بولىدۇ. خورلۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىر ئادەم ياشاش ياكى ئۆلۈشتىن ئىبارەت بىر يولنى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىنىدۇ، كاللىسى زىددىيەتلىك پىكىرلەرگە توشۇپ كېتىدۇ. ئېڭىدا ئۆلۈشنى قارار تاپقان بولسا بۇ ئوي ئۇنى دار ئالدىغا ياكى دەريا گىرۋىكىگە سۆرەپ كېلىدۇ. ياشاشنى قارار تاپسا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بىرەر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى بىرەر نىشانغا يېتىش قەتئىي ئىرادىسىگە كەلگەن ئادەمنىڭ روھىمۇ جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتىدۇ-دە، ئويلىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۆگىنىشتە نەتىجە قازىنىش ياكى بىرەر يېڭىلىق يارىتىشتەك ئوي-پىكىر كاللىغا كىرىۋېلىپ كۈچلۈك ئىشتىياقنى پەيدا قىلالىسا، ئىرادىمۇ كۈچىيىپ ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئىزدىنىدىغان روھ شەكىللىنىدۇ.

ئىنسانلار شۇ چاغقىچە سانسىزلىغان ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈردى، قىرغىنچىلىق پاجىئەلىرىگە دۇچ كەلدى. قوماندان ۋە سىياسىيونلار دۈشمەننى قانداق ئۆلتۈرۈش ۋە ئەل قىلىشقا دائىر بىر قاتار ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى لايىھەلەپ چىقىشتى، قارشى تەرەپنى قاپقانغا چۈشۈرىدىغان ھىيلە-مېكىرلىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ بۇ ھەقتە «قىممەتلىك» دەستۇرلارغا ئېرىشتى. ئۇرۇش ھەققىدىن رەھىمسىز، ئوي-پىكىرنىڭ ئەتراپلىق ۋە توغرا بولماسلىقى تۈپەيلىدىن چىقىرىلغان بىر قېتىملىق خاتا قارار، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تېنىدىن جۇدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مۇھىم بىر ئەربابنىڭ توغرا پىكىردە بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىلغار پىكىرلىك، ئىجادىي ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بىر ئادەمنىڭ ئاممىغا باش بولۇشى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قىسمەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ماكياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق كىتابى گىتلېرنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىغا سەۋەب بولغانمىش. «تارىخى رەشىدىيە» ناملىق كىتابتا، بابۇر پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن پادىشاھ بىلەن شىرخان ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان گانگ دەريا ساھىلىدىكى بىر قېتىملىق ئېچىنىشلىق ئۇرۇش بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ھۇمايۇن پادىشاھلىقىدا ئىچكى ئىختىلاپلار كۈچىيىپ ھەتتا بىر قىسىم مىرزا، ئەمىر، لەشكەرلەر ئۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشقان ناچار ۋەزىيەتتە، ھۇمايۇن پادىشاھ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ھىندىستاندىن ئىبارەت كاتتا مەملىكەتنى ئۇرۇش قىلمايلا بىكاردىن-بىكار قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن شىرخان بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى، ھەم ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش قىلمايلا پىتىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گانگ دەرياسىدىن ئۆتۈشنى قارار قىلىدۇ. شۇ خىل پىكىر قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم دەريادىن ئۆتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. گەرچە ھۇمايۇن پادىشاھ (چاغاتايلىقلار)نىڭ لەشكەرلىرى تولۇق قوراللانغان، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى ناھايىتى خىل بولسىمۇ لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىدا ۋە تەرتىپتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، شىرخاننىڭ 12 مىڭ ئەسكىرى ئالدىدا كونتروللۇقىنى يوقىتىپ ئۇرۇش قىلمايلا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىدۇ. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن مۇئەللىپ ھەسرەت چەككەن ھالدا: «مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئۇرۇشتا يا دوست تەرەپتىن، يا دۈشمەن تەرەپتىن بىرەرمۇ ئادەم زەخىملەنمىدى، زەمبىرەكلەردىن بىرەر پاي ئوقمۇ ئېتىلمىدى، ھارۋىلارمۇ ھەرىكەتسىزلا قالدى. پۈتكۈل ئەمىر-باھادىرلار ھېچقانداق يارىلانماي، زەخىم يېمەيلا دەريا لېۋىگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلدى. لېكىن شىرخاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارقا قوغلاپ كەلدى. چاغاتايلىقلار تۆمۈر ساۋۇتلىرىنى سالغۇچىلىكمۇ پۇرسەت تاپالماي ھەممەيلەن ئاتلىرى بىلەنلا ئۆزىنى سۇغا

تاشلىدى... مۇشۇنچىۋالا ئۇلۇغ دەريادا نامدار ئەمىرلەر ۋە جەسۇر لەشكەرلەر پۈتۈنلەي نامەردلىك بىلەن سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى»[8] دېگەن قۇرلارنى يازىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ قېتىمقى كېڭەشتە «گاڭگ دەرياسىدىن ئۆتۈش كېرەك» دېگەن بىر جۈملە ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلىشى، 40 مىڭدەك كىشىنىڭ دەريادا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان. ئەگەر بىرەر دانا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلغان بولسا ئەھۋال باشقىچە بولغان بولاتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئوي- پىكىرنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكى جانلىق، ئوبرازلىق ئىبارىلەرگە يىغىنچاقلايدۇ:« تۇتقان ئورنىدىن قارىغاندا، پارلاق چۈشەنچە قەھرىمانلىقتىن ئەۋزەل ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. پايدىلىق تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن كۆپ ۋە تولۇق بولىدۇ... نەيزە گەرچە ئۇرۇش مەيدانىدا خۇددى چىراغدەك پارقىراپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبە نۇرى توغرا چۈشەنچىنىڭ يورۇتۇشى ئارقىلىق چېچىلىدۇ؛ قىلىچنىڭ ھۆكمى گەرچە كېسىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توغرا چۈشەنچىگە ئۇيغۇن بولغاندا، ئاندىن دۈشمەننىڭ بوينى ئۇ ھۆكمنى قوبۇل قىلىدۇ. ئوقنىڭ خەۋپرى ئەگەر تەدبىر بىلەن ئېيتىلغان بولسا، دۈشمەننىڭ كۆڭلىگە ئورۇنلىشىدۇ؛ ئىقبال كۆزىنىڭ روشەنلىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ توپا - چاڭلىرىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا پارلاق چۈشەنچىنىڭ نۇرى يول كۆرسىتىدۇ.» [9]

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھاياتنىڭ تۈرلۈك سىناق ۋە ئىمتىھانلىرىغا، مۇھىم تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بۇنداق چاغلاردا كاللىمىز قانداق قىلىش، قايسى يولنى تاللاش ھەققىدىكى زىددىيەتلىك ئوي- پىكىرلەرگە توشۇپ كېتىدۇ. بىر قېتىملىق خاتا تاللاش ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى، ھالقىلىق پەيتتە چىقىرىلغان بىر قېتىملىق ئاقىلانە ھۆكۈم تەقدىرىمىزگە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنى تەلەي ۋە تەقدىر دېگەندىن كۆرە كاللىنى قايسى دەرىجىدە ئىشلىتىش مەسىلىسى دەپ قارىغان ئەۋزەل. دېمەك بىزنىڭ ئوي- پىكىرلىرىمىز ئىدىيەمىزنى يارىتىدۇ، ھەرىكىتىمىزنى پەيدا قىلىدۇ، بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىزنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى ھېسابلىنىدۇ. بىراۋنى پۈتلاش ياكى قەستلەش غەرىزىدە بولۇۋاتقان ئادەم رەزىل قىلمىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ بولالمايدۇ. قەلبىگە شەھۋەت ئوتى تۇتاشقان ئادەم بۇزۇقچىلىق كوچىسىغا كىرمەي ۋە بۇ يولدا ۋەيران بولماي قالمايدۇ. ئاق تاماكىنى بىرەر- ئىككى قېتىم چېكىپ كۆرۈش ھەۋىسىدە بولغان ئادەم، بىلىپ- بىلمەي ئاققا ئۆگىنىپ قېلىپ دوزاخ ئازابىنى تارتماي قالمايدۇ. يۇرت كېزىپ كۆرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن ئادەم ھامان بىر كۈنى سەپەرگە چىقماي قالمايدۇ. بىلىم ئېلىش ئىستىكى كۈچلۈك ئادەم ئۆگىنىشكە بارلىقىنى بېغىشلاشتەك روھى ئارقىلىق مەنىۋى مۇكەممەللىكنىڭ ئىشكىنى چېكىپ ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماي قالمايدۇ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى نىيەتكە قارىتا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ كاللىسىغا «بۇ دۇنيادا جاپا تارتقان ئادەم ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرىدۇ» دېگەندەك، سەۋرچانلىق بىلەن جاپا چېكىشنى شەرەپ بىلىدىغان بىمەنە قاراش ئورناپ كەتكەچكە، جاپا- مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇ دۇنيادىكى راھەتكە ئېرىشتىها ساقلايدۇ، جاننى ئېكەكلەپ ياشاشتەك روھ ئۇلارنى شۇ قەدەر ھالسىرىتىپ قويۇۋاتقان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل تۇرمۇشقا جەڭ ئېلان قىلىپ كۆرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. يەنە بەزىلەر ئەقلىگە تايىنىپ ياشاشتەك ھاياتلىق يولىنى تاللىغاچقا بىھۇدە جاپا چېكىشكە ئۈندەيدىغان ئىدىيەلەرنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ھەق- ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا ئاسانلا ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتىدۇ، باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىكى گەپكە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قانداق چوتلارنى سوقۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالمايدۇ. تولا تەكرارلىنىپ كىشىلەرگە ھەقىقەتتەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدىغان بىر قاتار خاتا قاراش، خاتا ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، شۇ خىل قاراشنىڭ ئالۋۇنلىرىدا قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى بىھۇدە، ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ھاياتلىق بېغىنى ۋاقىتسىز قاغجىرىتىپ قويىدۇ. بۇ ھاياتنىڭ جەڭلىرىگە قارىغاندا رەڭلىرى تولا. ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىققا ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق: باشقىلارغا بىر قۇچاق نەزەرىيەنى قۇچاقلىتىپ قويۇپ ئۆزى باشقا ئەمەللەردە بولۇۋاتقان، «جىن»نى ئۇسسۇلغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى تاماشا كۆرۈۋاتقان دېگەندەك رەڭۋازلىقلارنى بايقايمىز. شۇڭا سەگەك بولمىغاندا كولدۇرغا ئايلىنىپ قالىدىغان گەپ. بۇ دۇنيادا ئۇلۇغلۇقنى ياقتۇرمايدىغان ئادەم يوق، ھېچكىم خارلىق كوچىسىدا دەپسەندە بولۇشنى خالىمايدۇ. خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئاتسا كۆيۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىدەك، بەزى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى، قانداق ياشاش لازىملىقىنى، ھاياتقا سوئال قويۇشنى بىلمىگەچكە، شۇ سەۋەبلىك ھاياتقا نىسبەتەن ئەقىدە- ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويغاچقا،

قىسمەتلەرگە باي بولغان جاپالىق تۇرمۇشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. «ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابتا قەيت قىلىنغىنىدەك:«ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ياخشى ئىدىيە( پىكىر قىلىش) تىن ئارتۇق قىممەتلىك نەرسە يوق... ئادەم ئۆز ئىدىيەسى ۋە باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىگە تايىنىپ ياشايدۇ ۋە ئىش قىلىدۇ. ئۆز ئىدىيەسىگە تايىنىپ قايسى دەرىجىدە، باشقىلارنىڭ كاللىسىغا تايىنىپ قايسى دەرىجىدە ياشاش ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرقتۇر. كىم مەسىلىنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئويلىمىسا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىگە بويسۇنىدۇ. ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارغا بويسۇندۇرۇش ــ ئۆز جىسمىنى باشقىلارغا بويسۇندۇرۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ بەك قۇللۇق بولىدۇ... ئەگەر ئادەم ھەر خىل رىيازەتلەرنىڭ پىكىر ۋە ئىدىيە پەيدا قىلىدىغان قۇدرەت ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بىچارە بولىدۇ.»[10] دېمەك ئادەم قانداق ئوي ـ پىكىرگە ئىگە بولسا شۇنداق ياشايدۇ، ئادىمىلىك سۈپەت ۋە قەدىر ـ قىممەتمۇ ئوي ـ پىكىرنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا تەقدىرنىڭ كاجلىقى، تەتۈر پېشانىلىك، بەختسىزلىك ھەققىدە دادلاشتىن ئىلگىرى قاتمال ۋە قالاق ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالىدىمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. مۇھەممەت پەيغەمبەر: « ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ تۈزەلسە ھەممە ئىشلار تۈزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا بارلىق ئىشلار بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر»[11] دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە قەلبتىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك قەسر ئوي ـ پىكىرنىڭ ئۇۋىسى، ئۇ شۇ جايدا قانات چىقىرىپ يېتىلىپ ئىدىيەگە ــ قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ. «قەلبى كور ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھالاكەت دۇمبىقىنى چالىدۇ.» قەلبىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتىن سۆز ئېچىش زىنھار مۇمكىن ئەمەس. تىيىننىڭ نەزىرىدە تايچاق ئۆتكەن دەريا ناھايىتى چوڭقۇر، تۆگىنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى تېيىز. دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر جانىۋارغا نىسبەتەن ئاشۇ دېڭىز پايانى يوق بىر دۇنيا، دېڭىزنىڭ سىرتىدىكى دۇنيادىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغا دېڭىزنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. «تامنىڭ يېرىقىدا ياشاۋاتقان چۈمۈلە ئۆزىنىڭ كىچىك دۇنياسىدا ياشايدۇ، بىرقانچە مېتىر يەردە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ئىشى ئۇۋاق نان ياكى دانلارنى ئۇۋىسىغا توشۇش. ئۇ كائىناتنى ئاشۇنچىلىكلا چۈشىنىدۇ، پۈتكۈل دۇنيا شۇ دەپلا قارايدۇ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ئوزۇق تېپىش دەپلا قارايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سېزىمى شۇنچىلىك.» [12] بەزى ئادەملەر خۇددى چۈمۈلىدەك ئېتىز بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى تىرىكچىلىك يولىدا بىر ئۆمۈر قاتراش بىلەن بولۇپ كېتىپ يۇرت كېزىپ كۆرمىگەچكە، ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېڭىنى ئېچىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەچكە، پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى ئۆزى ياشاۋاتقان تار ئىجتىمائىي مۇھىتقىلا مەركەزلىشىپ قالغان. دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئېڭىمۇ «ھايات دېگەن ئەنە شۇ» دېگەن قاراشتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بەزى ئادەملەر تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغاچقا ياكى تەبىئىتىدىن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولمىغاچقا خۇددى قۇدۇقتىكى پاقىغا ئوخشاش نەزەر دائىرىسى شۇ قەدەر تار، ۋۇجۇدىنى نادانلىق ۋە جاھالەت چىرماپ ئالغان بولۇپ، ئۇنداقلارغا دۇنيانىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر دۇنيانى تىيىننىڭ نەزىرىدە كۆزەتسە، بەزىلەر تۆگىنىڭ نەزىرىدە كۆزىتىدۇ. مۇھىت قانچە بېكىك بولسا ئاڭ شۇنچە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئەڭ خەتەرلىكى ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك بولۇپ، ئىدىيە بېكىنمىچىلىكى ئوي ـ پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ قانىتىنى بوغۇپ، كاللىنى سىيداملاشتۇرۇپ قويىدىغان بولغاچقا ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا دىيارىمىزدا تەكشۈرۈشتە بولغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بۇ ھەقتە قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ساۋاقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئاۋرېل سىتەين خوتەنگە قىلغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە، خوتەننىڭ چەت رايونىدىكى بىر بوۋاي ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ بوۋاي پۈتۈن ھاياتىدا خوتەنگە بىر قېتىملا بېرىپ باققان بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنى پىششىق بىلىدىغان شەخس ھېسابلىنىدىكەن» دەپ يازسا؛ 1876 ـ يىلى رۇسىيەلىك پىرژىۋالسكىي ئەينى ۋاقىتتىكى لوپنۇرلۇقلار ھەققىدە توختىلىپ: « بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىلا نامرات بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي دۇنيا ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ سېزىمى پەقەت ئەتراپتىكى تار مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىدىكەن، سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتى ۋە چۈشەنچىسى يوق ئىكەن. قېيىق، قارماق، تور، بېلىق، قومۇش ۋە چەكسىز قۇملۇق...مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىكەن. بۇنداق بېكىك مۇھىت ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

تىمتاس ھايات ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنىمۇ يوق قىلىۋەتكەن. ئۇلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆز ئالدىدىكى قومۇشلۇق كۆلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىد باغلىمايدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن. نامراتلىق، ئاچ ـ زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز رەۋىشتە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل جاھىللىق، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سۈكۈت ۋە ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىش پىسخىكىسى شەكىللەنگەن» [13] دەپ يازىدۇ. 1887 ـ يىلى دىيارىمىزدا تەكشۈرۈشتە بولغان ئەنگلىيەلىك ياڭخازبەندمۇ يەكەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خاتىرە قالدۇرىدۇ: «سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچراپ كەتمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يېغىلىقلار، ئىنقىلابلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭ ئويۇنى ھېسابلىناتتى. بىر ھۆكۈمرانىڭ ئورنىغا يەنە بىرى ئولتۇرۇش، سۇلالىلەر ئالمىشىش دېگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار بىر خىل پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تەبىئىي ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: بۇنداق مىللەت رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئېلىپساتارلار خالاس. يەر تېرىش ۋە ئۇششاق ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا، ئۇلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا قامالغان، سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنمەيدۇ، قاششاق، ھاياتىي كۈچى يوق. ئۇلار پەقەت بۇ يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ، ئۆز روزغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا بولمىسۇن كۈن كەچۈرۈش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى قوزغىتالمايدۇ، ئۇلارنى سەگىتەلمەيدۇ...»[14] بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب، تېلېفون، تېلېۋىزور، تورغا ئوخشاش تۈرلۈك تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بىرقەدەر مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ئاساسىدا، دۇنيانى قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىش، ھازىرقى زامان مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە تەربىيەلىنىش ئىمكانىيىتى بار. يەنە كېلىپ ئۇچۇر دەۋرىنىڭ خاسىيىتىدە يەر شارىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش قەدىمى تېزلەشمەكتە. گەرچە بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى، ئولتۇراق ئۆيى ۋە ئۇنى بېزەش ئەھۋالى دېگەندەك تاشقى قىياپەتلەردىن بىر قاراشتىلا زامانىۋىلىقنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئىچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ تېشى پال ـ پال بولغىنى بىلەن روھىيىتى يەنىلا نامرات، نەزەر دائىرىسى، پىكىر ـ قاراشلىرى ئۆزىنىڭ تار دۇنياسىدىن، يۈزەكى ھادىسىلەردىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مۇھىمى ئىلىم ئېلىشقا ئۆزىنى بېغىشلاش، ئەقىلگە دالالەت قىلىشتەك ئىلمىي روھ كەمچىل بولغاچقا ئارىمىزدا يېگەن، ئىچكەن، چەككەن، كىيگەنىنىڭ، سورۇنىنىڭ، ھەتتا، ئاخشام كۆرگەن چۈشىنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلار كۆپ، بىرەر ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغانلار ئاز يەنى گەپ ساتىدىغانلار كۆپ، پىكىر قىلىدىغانلار ئاز. تەرەققىيات نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، سىرتنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. گەپ ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىشتا. زەئىپ تەنگە كېسەللىك ۋىرۇسلىرى ئاسان چاپلاشقىنىدەك، ساپاسى تۆۋەن، روھىي قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەر ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەكسىچە يامان ئادەتلەرنى ئۆزىگە ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ زامانىۋى بىر ئۆينى سالالىغان ئادەم بىلەن، باشقىلار سېلىپ بەرگەن زامانىۋى ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى، ھاياتىي كۈچى قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ ئالدىنقىسى ئىجادىي روھقا ئىگە بەرپا قىلغۇچى، كېيىنكىسى پاناھلانغۇچى، خالاس. ئادەم تەرەققىياتىنىڭ دەبدەبىلىرى ئىچىدە ياشاپ، سىرتقى قىياپىتىنى زامانىۋى بۇيۇملار بىلەن پەردازلىغان تەقدىردىمۇ روھىي جەھەتتىن ئويغىنىش ھاسىل قىلالمىسا، ئوي ـ پىكىرلىرى تار رامكا ئىچىدە چەكلىنىپ قېلىپ قالاق ئادەت كۈچلىرىنىڭ قامىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە، ئاجىز ئىدىيەنى يېڭىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمىسە خۇددى جۇۋاز كالىسىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ياشاۋېرىدۇ. باشقىلارنىڭ قانداق ئويدا ئۆزىنىڭ قانداق كويدا يۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىتا سېزىمنى يوقىتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن ياتلىشىپ تەرەققىياتنىڭ تۈگمىنىدە «ئۇن»غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قورساق ئىنقىلابىدىن مېڭە(پىكىر) ئىنقىلابىغا ئۆتمەي تۇرۇپ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنە قاتلاملىرىغا شۇڭغۇغىلى بولمايدۇ. بىراۋنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئىگىلىگەندىلا ئۇنى ئاسانلا ئۆزىگە قاراتقىلى

بولىدۇ. دەرۋەقە باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىلىش ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىگىلىگەنلىك بولۇپ، ئىدىيەدىكى بىر قېتىملىق سەكرەش ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشتىكى مۇھىم ۋاستە. بىرى كارنېگىتىن: «ئۆمرىڭىزدە ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۈچ جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ سۆزلەپ بەرسىڭىز!» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئۆگەنگەن ئەڭ مۇھىم ساۋاق شۇكى، بىزنىڭ ئويلىغان ئوي ـ پىكرلىرىمىز ھەممىدىن مۇھىم. ناۋادا سىزنىڭ ئىدىيەڭىزنى بىلەلىسەم، سىزنى چۈشىنەلەيمەن. چۈنكى سىزنىڭ ئىدىيەڭىز سىزنى ياراتقان. بىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىدىيەمىزنى ئۆزگەرتسەك، ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭدىن مەيلى كىتاب ۋە باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن ئېرىشكەن پىكىر بولسۇن، ياكى باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىلىش بولسۇن، ئادەم ئۈچۈن ئوي ـ پىكرنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئوي ـ پىكىر ۋە ئۈچ خىل تىپ

ئوي ـ پىكىرگە ئاساسەن ئادەملەرنى گەپ قىلىش، پىكىر قىلىش، ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

**گەپ قىلىش تىپى:** بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ كۆرەيلى. بىر كۈنى ئېدىسون يولدا بىر دوستىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، دوستىنىڭ قول بارماق ئۇگىلىرى ئىششىپ قالغان بولۇپ، بۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىش ئىدى. لېكىن ئېدىسوننىڭ كاللىسىدا دەرھال بىر سوئال پەيدا بولىدۇ ـ دە: «بارماق ئۇگىلىرىڭىز نېمىشقا ئىششىپ قالدى؟» دەپ سورايدۇ. «سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ دوستى. «سىز بىلمىسىڭىز دوختۇرمۇ بىلمەمدىكەن؟» «دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى دوختۇرلار يەللىك بوغۇم ئاغرىقى دەپ دىياگنوز قويۇشتى.» «يەللىك بوغۇم ئاغرىقى دېگەن نېمە ئۇ؟» «دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، سۈيدۈك كىسلاتاسى سۆڭەك بوغۇمىغا يىغىلىۋېلىپ تىنىپ قالىدىكەن.» ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بىرەر بىمارنى يوقلاپ بارسا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن نېمە ئاغرىقلىقىنى، دوختۇرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ياخشى داۋالىنىشنىڭ لازىملىقىنى ۋە بىر قاتار تەسەللىي سۆزلىرىنى قىلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى يۈزەكى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش مەسىلىسىنى تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ئىشلارغا تەتبىقلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ. پىكىر قاراشلىرى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا چەكلىنىپ قېلىپ ئېگى ئۆزى ياشاۋاتقان چەكلىك مۇھىتتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، نەزىرىنى ھاياتنىڭ تاشقى پوستىدىن ئىچكى پوستىغا، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئاغدۇرالمىغان، گەپ ـ سۆزلىرىدە ھېچقانچە مەنە ـ ماھىيەت بولمىغان كىشىلەرنى گەپ قىلىش تىپىغا مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئابراھام لىنكولىن: «قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق سەۋەب دەل پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك، بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىۋاتقان ئوي ـ پىكىرلىرى قاتمال، ئاددىي ۋە يۈزە بولغاچقا ۋاقىت ۋە زېھنىنى كۆپىنچە ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. مېڭە ئىشلىتىشكە ئېتىبار بىلەن قارىمىغاچقا پۇت ـ قولىنىڭ ھەرىكىتى كۆپ بولىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن نادانلىقىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىمدۇر بىرى: «ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىش، بۇ ھېچقانداق ئىش قىلمىغاندىنمۇ بەكرەك ئۇسال ئىش» دېگەن دانا پىكىرنى ئېيتقان ئىكەن. مىسال تەرىقىسىدە گەپ قىلىش تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى قىسمەن ئىپادىلىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

ناھىيەلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى بىر خادىمنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، بەزىلەر توي قىلماقچى بولۇۋاتقان يىگىت(قىز)نىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تەربىيەگە قۇلاق سالماي توي قىلىدىكەن. مەلۇم بىر ئاتا ـ ئانا بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپتۇ. تەكشۈرتكىلى كەلگەن ئايرىم ساندىكى بەزى ئاياللارغا ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشنى جېكىلەپ تۇرسىمۇ بالىنى تۇغۇپ بولۇپ پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلار كۆپ ئىكەن. ھازىر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. شۇ كۈنلەردە ئاق ئىبلىسقا خۇمار بولۇپ قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، چېكىملىك ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ تېنى زەئىپلىشىپ روھى كېرەكتىن چىقىۋاتقان، شەھۋەت ۋە بۇزۇقچىلىق كوچىسىدا تۇرلۇك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقان، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سورۇندارچىلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ ھاياتىنى بىھۇدە خورىتىۋاتقان، ھاراققا بېرىلىپ زەئىپلىك پاتقىقىغا پېتىۋاتقان؛ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان توي ـ تۆكۈن، چاي،

ئۆلتۈرۈش، يوقلاش ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى يىغىلىشلارغا يېتىشىپ بولالماي تالجىقىپ قېلىۋاتقان؛ بوش ۋاقىتلىرىنى قۇرۇق پاراڭ، غەيۋەت- شىكايەت، تۈتۈرۇقسىز ئىش، بىكار تەلەپلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان... كىشىلەرگە قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى ئاچچىق بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ خىل ئادەملەرنى جاھالەت ۋە خارلىق كوچىسىغا ئىتتىرىدىغان، مەنىۋى ئېكولوگىيەدىكى بۇلغىنىش هادىسىلىرىنى جەمئىيەتشۇناسلىق، روھىيەت، ئەخلاق، ئېتىقاد، ئىدىيە، ساپا نۇقتىلىرىدىن چىقىپ ئىنچىكە تەھلىل ۋە تەتقىق ئېلىپ بارىدىغان بولساق روھىيەت قۇرۇلمىمىزدىكى ئاجىزلىقلاردىن چۆچۈش ھېس قىلماي قالمايمىز. ھاياتقا نىسبەتەن سەگەكلىك ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يوقاتقان، ئېگى تار دائىرىدىكى مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن كىشىلەر جاھاننىڭ شۇنچە چوڭ غوۋغالىرىغا قۇلاق سالماي، نەزىرىنى كۆز ئالدىدىكى كىچىك ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈۋالدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر كۆرۈنۈشتە دوست- بۇرادەر، يېقىن-يورۇقلىرىنى قوللىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىر قەدەم ئېشىپ كېتىشى ھەستىنى قوزغاپ، يەڭ ئىچىدە پۇتلاشنىڭ كويىدا بولۇشىدۇ. ئۆملۈك، ئىناقلىق ھەققىدە جار سالىدۇ- يۇ، ئىچكى جەھەتتە ئۇيۇشۇپ بولالمايدۇ. قايسىبىر ئەدىب «ئەڭ چوڭ كىرىزىس ئۆزىنىڭ كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك» دېگەن ئىكەن. بىز ئۆزىمىزنى ئۇنداق مەدەنىيەتلىك، مۇنداق ئەقىللىق دەپ بەزلەپ كەلدۇق، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيلىك جەھەتتە دۇنيادا قايسى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمىدۇق. توغرىسى بىز باشقىلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا جەھەتلەردە قانچىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغاچقا، بۇ خىل مەدەنىيەت پەرقىنى ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرمىگەچكە خاتا ھۆكۈم ۋە خۇلاسىلەردىن خالىي بولالمىدۇق. ئەمەلىي پاكىت يۇقىرىقىدەك تۇرسا، چوڭ گەپ قىلىشقا قانداقمۇ سالاھىيىتىمىز توشسۇن!؟ ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا يانفون تۇتۇش قىزغىنلىقى ئەۋج ئېلىپ قالدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفونغا قاچىلانغان مۇھەببەت ناخشىلىرىغا مەستانە بولۇپ، ھېسسىيات قايناملىرىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. كاللىسىغا «ئۆي»، قورسىقىغا «جىن» كىرىپ قالغان ئوقۇغۇچى دىققىتىنى ھەرگىزمۇ ئۆگىنىشكە قاراتمايدۇ ھەم ئۆگىنىش ئىستىكىدە بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرى، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەنبىھ، نەسىھەتلىرى قۇلىقىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پىكىر- خىيالى، قىزىقىشى باشقا يەردە. قىسمەن ئوقۇغۇچىلار تورغا خۇمار بولۇپ قېلىپ تورخانىلاردا تۈنەپ قالماقتا؛ تومپۇرخانا، دىسكوخانا، سوغۇق ئىچىملىكخانىلار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى مەپتۇن قىلىۋېلىپ ئۇلارنى سوغۇق بىر رېئاللىقنىڭ قوينىغا ئالماقتا، ھېسسىيات ئەسەبىيلىكىنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرمەكتە. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىزىقىش كەمچىل، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئىرادە كەمچىل بولغاچقا پەقەت مەكتەپكە بېرىپ- كېلىشتىن ئىبارەت رەسمىيەتنى ئادا قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەكتە. 15- 16 ياشنىڭ قارىسىنى ئالمايلا قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋال مۇشۇ كۈنلەردە يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئومۇملۇق بولمىسىمۇ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بۈگۈن پەرزەنتلىرىمىز ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولالمىسا كېلەچەكتىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلە زادى نەدە، كىمدە؟ بۇ نۇقتىدا سەۋەبلىكنى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى بالىلارغا ئارتىۋەرمەي ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى چوڭلار بوينىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى سۆز- ھەرىكەتتە باشلامچى بولىدىغان چوڭلار شۇنداق بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى.

پىكىر قىلىش تېپى: ئېدىسون ھېلىقى دوستىدىن سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپ،: «ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمە ئۈچۈن سۇيدۇك كىسلاتاسىنى تارتىپ چىقىرىۋەتمەيدۇ؟» دەپ سورىغاندا، دوستى: «ئۇلار قانداق تارتىپ چىقىرىشنى بىلمەيدىكەن» دەيدۇ. «دوختۇر ئۇنى قانداق ئېلىشنى نېمىشقا بىلمەيدىكەن؟»، «چۈنكى سۇيدۇك كىسلاتاسىنى ئېرىتكىلى بولمايدىكەن»، «نېمىشقا ئېرىتكىلى بولمىغىدەك؟ بۇنىڭ ھېچقانداق ئۇسۇلى يوقمىكەن؟ مەن ئىشەنمەيمەن» دەپ چوڭقۇرلاپ سوئال سوراش ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. گەپ قىلىش تېپىدىكى كىشىلەر بىر تال تۇخۇمغا ئېرىشىسە يەۋېتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭدىن چۈجە چىقىرىپ، تەدرىجىي ھالدا توخۇلىرىنى ئاۋۇتۇپ بېيىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئادەتتىكى بىر تال ئالما ياكى بىر تال ئىستاكاننى تۈرلۈك ئامال- چارىلەر بىلەن( يېڭى پىكىر يوللىرىنى ئېچىش ئارقىلىق) قىممىتىنى ئاشۇرۇپ كۆپ پۇلغا يارىتىش مۇمكىن. يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە ئەقلىي بىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە

قىلىدىغان، شەكىلگە ئەمەس، ماھىيەتكە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىدىيەسى ئىلغار، ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسى ئاكتىپ، ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، گەپ- سۆزلىرى مەنە-ماھىيەتلەرگە ئىگە كىشىلەر پىكىر قىلىش تىپىغا ئىگە كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەر پۇت- قولىغا قارىغاندا كاللىنى كۆپ ئىشقا سالىدۇ، دىققىتىنى ئەقىل-پاراسەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا قارىتىدۇ، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولۇپ ۋاقىت ۋە ھاياتنى قانداق قەدىرلەشنى بىلىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىپ ياشايدۇ، تەدبىرلىك بولۇپ ئىلغار پىكىرلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، تۆھپىسى ئارقىلىق قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ھاياتقا سوئال قويۇپ توختىماي پىكىر يۈرگۈزگۈچىلەر، ئىزدەنگۈچىلەر، مۇنەۋۋەر زىيالىيلار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**ئىجاد قىلىش تىپى:** ئېدىسون پەقەت پىكىر قىلىشنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سۈيدۈك كىسلاتاسىنى ئېرىتىش تەجرىبىسىگە كىرىشىپ كېتىدۇ-دە، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ يېڭى كەشپىياتى دۇنياغا كېلىپ، يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىدۇ ھەم تېببىي ساھەدىكى زور بىر بايقاشقا ئېرىشىدۇ. ئىجاد قىلىش تىپىدىكى كىشىلەر ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش روھىغا ئىگە بولۇپ، بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بىلىشتىن ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرىغا ئىجادىي ئىش قوشۇپ، ئەمەلىي قىممەت يارىتالايدۇ. يەنى بىلىم ۋە ئەقلىنى پۇل ۋە بايلىققا ئايلاندۇرالايدۇ ياكى بەلگىلىك قىممىتى بولغان يېڭى ئىدىيە ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتالايدۇ. ئىلمىي گۇمانىي قاراشقا، ئاكتىپ تەپەككۇر ۋە ئىجادىي ئوي-پىكىرگە باي بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكى كۈچلۈك بولۇش، پىكىردىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىجاد قىلىش تىپىدىكىلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىققا ئائىت كىتابلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر ناپولېئون خېئۇل: «مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلغاندا يېڭى ئوي- پىكىرلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر ئىجادىي ئوي- پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، تەپەككۇر قىلىدىغان دائىرە قانچە چوڭ بولغانسېرى پەيدا بولىدىغان ئوي-پىكىرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەردە يۈكسەك مۇددىئا ۋە قابىلىيەت بولىدۇ. نەتىجىگە ئېرىشىش ۋە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئايلاپ- يىللاپ بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئىجادىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى توختىماي سوئال سوراشتا بولۇپ، تەپەككۇر ئەنە شۇ نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىزنى ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىلغار ئىدىيە ۋە پەن-تېخنىكىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭى كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشىغا ۋە ئۇلارنى تەجرىبە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىجادىي ئوي-پىكرى يوق كىشىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ يېقىنلاشمايدۇ... ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىش مەسىلىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ھەل قىلغانلىق بولۇپ، قالغان 90 پىرسەنتىنى ئىجادىي پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىجادىي پىكىرنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدۇر»‹15› دېسە؛ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا كەشپىياتچىلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فۇللېر: «كەشپىيات توغرىسىدا بىرەر ياخشى ئوي- پىكىرگە ئېرىشىش خۇددى ھامىلدار بولۇشقا ئوخشاش ئوڭاي، ئەمما ئوي- پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بالىنى تۇغۇپ ئۇنى مۇۋاپىق بېقىشقا ئوخشاش قىيىن»[16] دېگەن. پېداگوگ جون دېۋېيمۇ: «ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئايلانمىغان تونۇش ئەھمىيەتسىزدۇر» دەپ قارىغان. مەسىلەن، بىر ئادەم ھاراقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ھاراقنى تاشلاش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ ھەرىكىتىدە ئىپادە قىلالمىسا، يەنى پىكىر ھەرىكەتكە ئايلانمىسا قىممەت پەيدا قىلالمايدۇ. پىكىر- قاراشلىرى ئادەتتىكى تۇرمۇش پاراڭلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، ناتوغرا ئىگىلىككە تايىنىپ كۈننى ئېلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھۈنىرى يوق كىشىلەرنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. ئازاب ۋە كۈلپەت پىكىر پەيدا قىلالمىغان، تۈرلۈك تاشقى غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن سېزىم ۋە ئىنكاسىنى يوقاتقان قەلب ئاللىقاچان مەھكۇملۇققا يۈزلەنگەن بولىدۇ. پەقەت ئوي-پىكىرنىڭ يۈزە قاتلىمىدىن يەنى گەپ قىلىشتىن پىكىر قىلىشقا، پىكىر قىلىشتىن ئىجادىي پىكىرگە ئۆتۈش—ئىدىيە جەھەتتىكى كاتتا سەكرەش بولۇپ بەختكە ئېرىشىش، نىجاتلىققا يۈزلىنىش، ئادىمىيلىك قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشتىكى ھەقىقىي چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ. گەپ قىلىش تىپىدىن پىكىر قىلىش تىپىغا ئايلىنالمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ تەقدىرىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالمايدۇ، پىكىر قىلىش تىپىدىن ئىجاد قىلىش تىپىغا ئايلىنالمىغان ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنالمايدۇ. ئادەمنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرى قانچە كۆپ، بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە مۇكەممەل بولسا ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمۇ شۇنچە باي بولىدۇ-دە، يېڭى-يېڭى ئوي- پىكىرلەرگە ئاسان ئېرىشەلەيدۇ. ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

سىڭىشتۇرۇش، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرگىلى، تاشقى دۇنياغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تۇرلۇك قائىدە-يوسۇن ۋە قالاق ئادەت كۈچلىرىنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىسە، ئىلغار قاراش ۋە يېڭىلىقلار بىلەن ئىدىيەسىنى كۈچەيتىپ بارمىسا، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت قىممەتلىك ئەنگۈشتەرنى دات باستۇرۇپ قويسا، بىر ئىشلارغا ئاسانلا رازى بولۇپ كەتسە ياكى زىيادە قانائەتچان بولۇپ كەتسە ھەرگىزمۇ ئىجادىي ئوي-پىكىرگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتتە پىكىرلىك، تەدبىرلىك كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىچكى رىقابەت ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەزى قىممىتى يۇقىرى ئىجادىي پىكىرلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە، ئىشلاردا ئۇتۇق قازىنىشقا تۈرتكە بولسا، بەزى دانا پىكىرلەر بىر قىسىم كىشىلەرنى ھالاكەت يولىدىن توسۇپ قالىدۇ. ھالقىلىق بىر قەدەمنىڭ خاتا بېسىلىشى بەزىدە ئادەمنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. شۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئوي-پىكىردىكى خاتالىق سەۋەب بولىدۇ. بەزى ئىجادىي پىكىرلەر شەخس ياكى كوللېكتىپنى ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، چىش پاستىسىنىڭ ئېغىزىنى كىچىكلىتىش ھەققىدىكى ئىجادىي پىكىر، مەلۇم بىر شىركەتكە 100 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ كەلگەن. ئاددىي بىر ئىشچىنىڭ شامالدۇرغۇچنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەكلىپ پىكرى، ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر شىركەتنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. يەنە بەزى ئىجادىي پىكىرلەر يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەشپىياتلارنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەسكەرتىش ھاجەتكى، بىر قىسىم مۇتەپەككۇر ئالىملار تىلنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ئوي-پىكىر، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتكە بولغان تەسىرى ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ قىممەتلىك يەكۈنلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار: تەپەككۇر چوڭقۇرلىقى تىلغا باغلىق، تەسەۋۋۇر كەڭلىكى تىل ئارقىلىق بولىدۇ. تىل ھەرگىز خاتالاشمايدۇ، كاللىغا بىر ئىش كىرىۋالسا ئۇ ھامان ئېغىزدىن چىقىدۇ. بىر ئادەم ناۋادا ئېغىزىدىن مەلۇم بىر خىتابنى چىقارسا، ئۇ شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزگەرمەس رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىنى نامرات دېگەن ئادەم ئۆزىنى نامرات دەپ جاكارلىغانلىق بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيە ئۇنى نامراتلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. تىل ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، يېڭى ئىشتىن ئىبارەت مېۋىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، شۇڭا تىلنى ھەرىكەتنىڭ كۆلەڭگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. روھ سىغدۇرالمىغان نەرسىنى تىل سىغدۇرالايدۇ. دىل گويا دېڭىزغا، تىل قىرغاققا ئوخشايدۇ، دېڭىز دولقۇن كۆتۈرسە ئۇ قويندىكى بارىنى قىرغاققا سۈرەپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ..

## ئوي-پىكىرنى سەرخىللاشتۇرۇشنىڭ يوللىرى

سەھىيە ئېتىبارى بىلەن، ئوي-پىكىرنى سەرخىللاشتۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتىنى تېزىس شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم. بىلىشنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللار (ئەقىل ئامىللىرى ۋە غەيرىي ئەقىل ئامىللىرى) نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭ رولىغا نىسبەتەن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئاشۇ ئامىللارنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش. بۇ ئۆزلۈكنى تونۇش، ئاكتىپ تەپەككۇر ئارقىلىق ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتۇش، مېڭىنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتى، شۇنداقلا ھاياتقا نىسبەتەن تەشەببۇسكار پوزىتسىيەنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى. بېكىك مۇھىت، قائىدە-يوسۇن، پاسسىپ ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن، بولۇپمۇ ئىدىيە-ئاڭ جەھەتتىكى بېكىنمىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال-چارىلىرى ئۈستىدە مەقسەتلىك ۋە نىشانلىق ھالدا ئىزدىنىپ، تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئىدىيە جەھەتتىكى ھالقىشنى قولغا كەلتۈرۈش. «بېكىنمە ئاڭ ۋە تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2010- يىلى 3- سان) ناملىق ماقالەمدە بۇ ھەقتە بىرقەدەر ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتتۈم. ئۆزگە ئىشىنىش، ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولۇش. ئىشەنچ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش، ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىكى ئۈمىدۋار پوزىتسىيە، شۇنداقلا ئالاھىدە بىر خىل روھىي كۈچتۇر. ئادەم ئىشەنچ ۋە ئۈمىدتىن ئايرىلىپ قالغاندا ھەممىدىن ۋاز كېچىشتەك ئاجىزلىقنى بىراقلا ئاشكارىلايدۇ، چۈشكۈنلىشىپ ئاسانلا تۈگىشىدۇ. شۇ چاغقىچە ئىشەنچىسىنى يوقاتقان، ئۈمىدۋار كەيپىياتقا ئىگە بولمىغان ئادەمنىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە قول يەتكۈزگىنى يوق. شۇڭا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، ھاياتقا نىسبەتەن ئېنىق نىشان ئېكىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

تەربىيەلىنىشكە ئېتىبار بىلەن قاراش. مائارىپ ئاڭنى ئېچىشنى مەقسەت قىلغان ئالاھىدە ھەرىكەت. مەكتەپلەر بولسا ئوقۇغۇچىلارغا سىستېمىلىق بىلىم بېرىدىغان، تەپەككۇر قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدىغان، نىشانلىق،

مەقسەتلىك ھالدا تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە سورۇن. ئادەم قانچە يۇقىرى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولسا ھەم ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تۇتالىسا ئىگىمۇ شۇنچە ئېچىلىدۇ. بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىم، ساپا ئاساسىغا ئىگە بولماي تۇرۇپ ئەقىل-پاراسەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇش ۋە تەربىيەلىنىشكە ئېتىبار بىلەن قاراش، ئۈزۈكسىز ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇش لازىم. يېڭىچە پىكىر يېڭىچە ئىلھام ئاتا قىلالمايدىغان پەند- نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان ماقالە-ئەسەرلەر، ئاممىباب ئوقۇشلۇقلار تەپەككۇرنى چەكلەپ قويىدۇ، شۇڭا ئۆگىنىشتە ئەقىلنى بىلەيلەپ زېھىننى ئۇرغۇتىدىغان كىتاب- ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرۈش لازىم. بەزىلەر ئۆزىنىڭكىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، باشقىلارنىڭكىنى ئۆگىنىشكە بىر تەرەپلىمە قارايدۇ. مېنىڭچە بىلىم ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، باشقىلارنىڭ ئىلغار پەن- تېخنىكىسىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋە ئىلغار ئىدىيە قاراشلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئىككىلەنگۈدەك، تالاش- تارتىش قىلغۇدەك نېمىسى بار؟! چۈنكى ئىلغارلىق ھامان قالاقلىقنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بىر ئادەمگە نىسبەتەن دوستلىرى ۋە يېقىن مۇناسىۋەتتىكى كىشلىرى ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. «دوستۇڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق» دېگەن تەمسىل چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە. ئادەتتىكى ئادەملەر كۆپىنچە ئاق كۆڭۈل كەلسىمۇ مەنىۋىيىتى نامرات بولغاچقا، بىراۋنىڭ يۈكسىلىشىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بىر خىل تۇرمۇش، تەكرار پاراڭلار ئىدىيەنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. بۇنداق مۇھىتقا غەرق بولۇپ كەتمەي، ئۆزگىچە يول، ئۆزگىچە بىر تۇرمۇش دۇنياسىنى بەرپا قىلىش، دانالار بىلەن كۆپرەك پىكىرلىشىپ تۇرۇش، نىشانلىق ھالدا يۇرت كېزىپ تۇرۇش لازىم. ئۇنىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى، ئىلمىي كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقى، يۇرتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، كىشلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈلمە قاتارلىقلارمۇ ئوي- پىكىرگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەپ تۇرىدۇ. تەۋسىيەيىم شۇكى، ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، كىشىلىك قەدىر- قىممىتىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈش قارارىغا كەلگەن بولسىڭىز، ئالدى بىلەن ئىسلاھاتنىڭ تىغ ئۇچىنى ئوي- پىكرىڭىزنى سەرخىللاشتۇرۇشقا، ئىدىيەڭىزنى ئىلغارلاشتۇرۇشقا قارىتىڭ!

**نەقىل مەنبەلىرى:**


[1]«رۇمى ھېكمەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2007- يىلى 4- ئاي نەشرى، 72- ، 62- بەتلەر. ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت تەرجىمىسى.

[2] يۇقىرىقى كىتاب 23- ، 126- ، 19- بەتلەر

[3] لاروشېفۇكاۋلد، بالتاسار گراسىئەن، لېف تولستوي: «ئەقىل- پاراسەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 7- ئاي نەشرى، 75- بەت. ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

[4] «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 2- توم، 6- بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىلى 3- ئاي نەشرى، توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى.

[5] مورتىمېر ئادلېر، «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005- يىلى 3- ئاي نەشرى، 8- بەت. ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى.

[6] باركېلبې، «تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2010- يىلى7-سان.

[7] ئەسئەت سۇلايمان، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىلى 3- ئاي نەشرى، 1- بەت.

[8] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، « تارىخى رەشىدىي» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008- يىلى 3- ئاي نەشرى، 1081- بەت. مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان.

[9] يۇقىرىقى كىتاب، 62- بەت.

[10] لاروشېفۇكاۋلد، بالتاسار گراسىئەن، لېف تولستوي: «ئەقىل- پاراسەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 7- ئاي نەشرى، 39- ، 266- ، 40- بەتلەر. ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.

[11] ئابدۇرەقىپ تىبىپ، «گۇمانخورلۇق ۋە غەيۋەتخورلۇقتىن يىراق تۇرايلى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2009- يىلى 2- سان، 30- بەت.

[12] ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان، «مۇكەممەللىك شەرتلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009- يىلى 2- سان، 10- بەت.

[13] ئەسئەت سۇلايمان، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىلى 3- ئاي نەشرى، 2- بەت.

[14] يۇقىرىقى كىتاب،103- ، 104- بەتلەر.

[15] ناپولېئون خىئۇل، «تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى 7- ئاي نەشرى، 200- ،49- ،63- ،108- ،85- ،175- ،147- ،293- بەتلەر.

[16] يۇقىرىقى كىتاب 289-بەت.


---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5- ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەنە ئەخلاق ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەققىدە



ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان

يېقىندا مەن تىجارەت ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالدىم، بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىم ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بىلەن كۆپرەك سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، بۇ سۆھبەتلەر ئەلۋەتتە ئاشخانا ۋە تېز تاماقخانىلاردا ياكى چايخانىلاردا «دوستۇمنىڭ دوستى، تۇغقىنىمنىڭ تۇغقىنى» دېگەندەك يېڭىدىن يېڭى دوستلار ياكى تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق بولۇپ تۇردى. سۆھبەت تېمىسىمۇ يېڭىلىنىپ تۇردى... ماڭا تولىمۇ تەسىر قىلغىنى «غەربنى دورىدۇق، مەدەنىيەت ئۆگەندۇق، ھەزارەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ پەرقىنى ئايرىشنى بىلدۇق...» دەپ، كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ كېتىۋاتقان ئەخلاق كۆز قارىشىمىز... ھەققىدىكى سۆھبەتلەر بولدى...

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەخلاق ھەققىدىكى پاراڭ - تۇنۇگۈن، بۈگۈننىڭ پارىڭى ئەمەس، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىلا ئەخلاق ئۇنىڭ بىلەن بىرگە «ياشىغان» ئىدى.

ئەخلاق ئەنە شۇنداق قەدىمىيلىكى بىلەن كونىرىغىنى يوق، بۈگۈنمۇ يەنىلا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆلمەس تېمىلىقى بىلەن بىزنى داۋاملىق ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. شەرق ئەللىرىلا ئەمەس، غەربلىكلەرمۇ ئۆز نەزىرىدىكى ئەخلاقنى ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىۋاتىدۇ!

ھەتتا چەت ئەللەردە سالام - سەھەت قىلىشنى ياكى بىراۋ كەلسە ئورنىدىن تۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ، يەنى مېھمان كەلسە ئورنىڭىزدىن تۇرمىسىڭىز بەلكىم ئۇ سىزنى سوتقا ئەرز قىلىشى مۇمكىن... ھەتتا بۇ خىل كىشىلىك ئەخلاقنى مەخسۇس پەن شەكلىدە تەتقىق قىلىپ، ئالاھىدە فاكۇلتېتلارنى تەسىس قىلىۋاتىدۇ... ئۇنداق مەكتەپلەرگە پەقەت باينىڭ بالىلىرىلا كىرىۋاتىدۇ... بىزدىچۇ؟ بۇ خىل ئەخلاق تەبىئىي ئادەتكە ئايلانغان... پۇچقاقنى تۇرۇپ قويۇپ، ئېتىزدا راسا ئىشلەۋاتقان دېھقانغا سالام قىلىپ بېقىڭچۇ! ئۇ قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب سالام قىلغاندىن سىرت، سىزگە كېرەكلىك ياردىمنى ئايىمايدۇ، ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ... ئالدىن كېلىشىۋالمىسىڭىزمۇ سالامنىڭ جوۋنى قىلىپ بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز، سىزنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالىدۇ، بىر پىيالە چاي ئەمەس، نۆۋىتىدە قوتىنىدىكى قويىنى ئەپچىقىپ، ئىككىلەنمەستىن سىز ئۈچۈن سويىدۇ...

ئەخلاق مەزھەپلەرگە مەنسۇپ نەزەرىيەلەردىن ياكى شەخسى مەنپەئەتلەرگە تەۋە بولغان تەپەككۇرلاردىن ۋە ياكى رەڭگارەڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئېكولوگىيەلىك ئامىللاردىن... مەيدانغا كەلمەيدۇ، ئۇ يەنە ئادەم تېنىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلارنىڭ جۇغلانمىسىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى - تاشقى ۋۇجۇدىدىن بالقىپ چىققان بىر نۇر! بىر تىزنىقتا ئۆتكۈزۈلگەن گۆھەرلەر جۇغلانمىسى! ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈكسەك ئېتىقاد!! يەنە ئۇلۇغ قانۇن!!!

ئەخلاق — لازىم بولغاندا ئىشلىتىپ، بولمىسا بۇلۇڭغا تاشلاپ قويىدىغان ياكى ئالماشتۇرىدىغان ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچىكى ئەمەس؛ ئۇ كائىناتتىكى پىلانېتلارنىڭ قانۇنىيىتىگە ئوخشاش مەخسۇس قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بىر

## ئەخلاق ئادەم زىننىتى

ھەقىقەت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا ئىنساننى ئىنتايىن تېز نەس باسىدۇ...

ئەخلاق ئۆز نۆۋىتىدە رايىشلىق بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشلا ئەمەس، نېمە دېسە ماقۇل دەپ بويسۇنۇشلا ئەمەس، بەلكى گېزى كەلسە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىشمۇ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ...

قىسقىسى، ئەخلاق تولىمۇ چوڭ تېما! ئۇ شەكىلدىلا ئەمەس، مەزمۇنىدىمۇ، باشتىلا ئەمەس، ئاخىرىدىمۇ ئاجايىپ چوڭ تېما. ئەخلاق توغرىسىدا كىتابلارمۇ نۇرغۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جاھانغا مەشھۇر شاھانە، ئەخلاق بابىدا يېگانە بولغان «قۇتادغۇبىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، شاھ قابۇسنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسەرلىرىمۇ مەخسۇس ئەخلاق توغرىسىدا توختالغان ئەسەرلەردۇر... بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانىلارغا قارايدىغان بولساق، ھەر خىل ياش ۋە جىنىستىكىلەرگە، ھەر خىل ھەجىمدە، ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئەخلاق توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرىمىز... ئۇنداقتا، ئەمدى بۇ تېما توغرىسىدا توختالماسلىق كېرەكمۇ؟ ياق! يەنە توختىلىش كېرەك، بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىش كېرەك، ئەخلاقنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، تەقسىملەپ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە، قوبۇل قىلالايدىغان شەكىلدە ئىپادىلەش ياكى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئائىلىۋى، مىللىي ئەخلاق بىلەن دىنىي ئەخلاقنى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن كوممۇنىستىك ئەخلاقنى، شەخسىي ئەخلاق بىلەن ئاممىۋى ئەخلاقنى... پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز ۋە خەلقىمىزگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىجابىي ياكى سەلبىي رولىنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىم... بەلكىم ئوقۇرمەن، «ئەخلاق دېيىلىۋاتقاندا، «سەلبىي» سۆزى قانداق گەپ؟» دېيىشى مۇمكىن. مەلۇم كىشىلەر توپى تەرىپىدىن ئەخلاق دەپ قارالغان نەرسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر توپى تەرىپىدىن ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەممىگە مەلۇم مەسىلە...

مانا شۇنداق جەريان، ئەنە شۇنداق پاراڭلاردىن مەنمۇ ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك بىر سۆھبەت قۇرغۇم كەلدى... مەن نېمىنى يازاي؟ ھەممە يېزىلىپ بولسا! نېمىنى دەي؟ ھەممە دېيىلىپ بولسا!...

شۇڭا مەن ئەخلاق توغرىسىدا ئەمەس، ئەخلاقسىزلىق توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى، شۇنداقلا ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىلىرى توغرىسىدا يازاي...

توغرا! بىزدە شۇنداق بىر ئادەت بار: تەنقىدلەيمىز ـ يۇ، يول كۆرسەتمەيمىز، ئېچىنىمىز ـ يۇ، تۈزەتمەيمىز، ئاھ ئۇرىمىز ـ يۇ، ئىزدەنمەيمىز... گەرچە پېشقەدەم ئۇستازلار، مەشھۇر يازغۇچىلار بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، نۇرغۇن بايانلارنى قىلغان بولسىمۇ، مەن ئۆز يولۇم ۋە پىكرىم بويىچە يازاي، ئەللەتىنلا بايان قىلماستىن، قۇتۇلۇشقىمۇ چارە قىلىپ باقاي...

مىلادىيە ئون يەتتىنچى ئەسىرنىڭ ئالىملىرىدىن شەمسىددىن بابىلىي (ھىجرىيە 1077 ـ يىلى ۋاپات بولغان) شۇنداق دېگەنىكەن: «بىر ئادەم بىرەر نەرسە يازسا چوقۇمكى ئۇ مۇنداق يەتتە ئىشنىڭ بىرىنى قىلغان بولىدۇ: 1 ـ ھېچكىم يازمىغاننى يازغان بولىدۇ. 2 ـ كەم جايىنى تولۇقلىغان بولىدۇ. 3 ـ چۈشىنىكسىز نەرسىنى شەرھىلىگەن بولىدۇ. 4 ـ ئۇزۇن نەرسىنى قىسقارتقان بولىدۇ. 5 ـ ئارىلاشقان نەرسىنى رەتلىگەن بولىدۇ. 6 ـ خاتالاشقان نەرسىنى تۈزەتكەن بولىدۇ. 7 ـ چېچىلغان نەرسىنى جەملىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمايدۇ.»

※ ※ ※

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان تەن ۋە روھنىڭ جۇغلانمىسى، تەن ئۆزىدىكى ئىككى كۆز بىلەن كۆرسە، روھ كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ھەر ئىككى خىل كۆرۈش ئۆز نۆۋىتىدە كۆرگىنىنى ياخشى ياكى يامان، يەنە بىر ئىبارە بىلەن چىرايلىق ياكى سەت دەپ ئايرىيدۇ، كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن نەرسە ئەلۋەتتە تەن كۆزى كۆرگەن نەرسىدىن قىممەتلىك بولىدۇ. تەن تەپەككۇر ياكى ئەقىلدىن خالىي نەرسە بولۇپ، ئۇ روھقا ياكى ئەقىلگە بويسۇنغاندىلا ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرالايدۇ، تەپەككۇرغا بويسۇنغان تەننىڭ ھەرىكىتى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىلىپ، ئەخلاق مىزانىدا ئۆلچەنگەندە ياخشىسى «ئەخلاقلىق»، يامىنى «ئەخلاقسىزلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئەخلاقسىزلىق» سۆزى — «ئەخلاق»، «سىز» ۋە «لىق» قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقانلىقى ھەممىگە ئايان. «ئەخلاق» ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «خۇلق» سۆزىنىڭ كۆپلۈكىدۇر. ئۇيغۇر تىلىغا ھەر ئىككى سۆز (بىرلىكى ۋە كۆپلۈكى) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەپ كىرگەن. «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» (1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) نىڭ 73 ـ بېتىدە، «ئەخلاق — كىشىلەرنىڭ ھەر بىر جەمئىيەتكە خاس بولغان پائالىيەت مىزانى» دېيىلگەن بولسا، 486 ـ بېتىدە، «خۇلق كىشىنىڭ مۇئامىلىسى ۋە روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى» دېيىلگەن. بۇ تەبىرلەرنى ياخشىراق تەھلىل قىلساق، ئەرەب تىلىدىكى بىرلىك ۋە كۆپلۈكنىڭ ئۇيغۇرچىدىمۇ مەنە تەرىپىدىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز... «سىز» سۆزى بولسا، ئىككىنچى شەخس بىرلىكى بولماستىن، بولۇشسىز قوشۇمچىدۇر، «ۋىجدانسىز، يۈزسىز...» دېگەندەك، يەنى، «ئەخلاقسىز» دېگەنلىك — «ئەخلاقى يوق، ئەخلاق

كۆرمىگەن» دېگەنلىكتۇر.

بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ روھىنىڭ ساغلاملىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەخلاقسىزلىقى بولسا روھىدا دەردى ياكى كېسەللى بارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. روھنى داۋالاش تەننى داۋالاشقا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. تەننىڭ ئاجىزلىقىنى ئوزۇقلۇق ئارقىلىق تولۇقلىغاندەك، روھنىڭ ئاجىزلىقى ياكى ئىللىتى تەربىيە ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ساغلام ئادەم دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارسا، دوختۇر ئۇنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان سەۋەبلەرنى قىلىدۇ. كېسەل ئادەم بارسا ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا شۇنىڭدەك ئەخلاقلىق ئادەم داۋاملىق ھالدا ئۆز ئەخلاقىنى مۇستەھكەم داۋاملاشتۇرۇشتىن باشقا، ئۇنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن قوغدىنىشى زۆرۈردۇر. ئەخلاقى كەمتۈك ئادەم بولسا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىمىقى لازىمدۇر... كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئىللەتلەرنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇنىڭ زىددىنى (ئەكسىنى) قوللانماقلىقتۇر. مەسىلەن: سوغۇقتىن بولغان كېسەلگە ئىسسىقلىق قىلغاندەك... ئەخلاقسىزلىق قەلب (دىل) كېسەلى بولۇپ، ئۇنىمۇ ئەكسى ئۇسۇل بىلەن داۋالاش كېرەك... مەسىلەن: نادانلىق دېگەن ئەخلاقسىزلىقنى بىلىم بىلەن، بېخىللىقنى سېخىيلىق بىلەن، تەكەببۇرلۇقنى كەمتەرلىك بىلەن... داۋالاش لازىم. بەزى دورىلار بەك ئاچچىق بولغىنى بىلەن چىدىغان ئادەمگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ. قەلب كېسەللىرىمۇ ئۆز شىپالىقى ئۈچۈن دەل شۇنداق چىدام ۋە غەيرەت تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە «چىدىغان بۆرە ياغ يەيدۇ» دېگەن ماقالنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ... ھەرگىزمۇ «ئىنسان شەك - شۈبھىدىن يىراق تۇرىدىغان، ئاددىي ئىشلارغا ھەيران قالمايدىغان، مەرىپەت، راستچىللىقنى دوست تۇتىدىغان، ئىنساب بىلەن زىننەتلەنگەن، تەقۋالىقنىڭ تەمىنى تېتىغان، ئۈمىدسىزلىكنى ئۆزىگە يولاتمايدىغان بولۇشى كېرەك...» دەپ مەسىلىنى ئاددىيلا يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەخلاقسىزلىق رەزىل ھەرىكەت ۋە پەس قىلىقتۇر! ئەخلاقسىزلىققا ھەر قانداق ئادەم لەنەت قىلىدىغان يېقىمسىز بىر پائالىيەتتۇر، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەخلاقسىزلىقتىن يىرگىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ، جامائەتنى، ئۇرۇق - تۇغقانني، دوست - يارەنلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ... ياخشىلىقتىن توسۇپ، ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ... ئۇ يەنە ئۆز ساھىبىنى غەمدىن نېرى قىلمايدۇ، ئەخلاقسىز ئادەمنىڭ ئۆمرى دەككە - دۈككىدە ئىچى سىقىلىپ ئۆتىدۇ... ئەخلاقسىز ئادەم نېمىدېگەن بىچارە - ھە؟ ئۇ جاھاندا ئەڭ يامان بالاغا يولۇققان ئادەم ھېسابلىنىدۇ...

ھىجرىيە 651 — 689 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر ئالىم ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسىي ئۆزىنىڭ «ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ نىشانى» ناملىق كىتابىنىڭ 239 - بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئەخلاقلىرى ۋە سۈپەتلىرى بار، بىراق بۇ سۈپەتلەر ئىچىدە دىققەت قىلىدىغان تۆت سۈپەت بار، بارلىق گۇناھلار مانا شۇ سۈپەتلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان: 1. تەڭرىچە سۈپەت، ئىنسان مانا شۇ سۈپەت بىلەن تەكەببۇرلۇق، ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ماختىنىشقا ئامراق بولۇش... قاتارلىق گۇناھ پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالىدۇ. 2 - شەيتانىي سۈپەت، ئادەملەر بۇ سۈپەت بىلەن ھەسەت، ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق... دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ. 3 - ھايۋانىي سۈپەت، بۇ سۈپەت بىلەن كىشىلەر ئوغرىلىق، شەھۋانىيلىق، نەپسانىيەتچىلىك... مەيدانلىرىدا يورغىلايدۇ. 4 - يىرتقۇچلۇق سۈپەت. بۇ سۈپەتتىن قاتىللىق، غەزەپ - نەپرەت، بۇلاڭچىلىق، جېدەل - ماجىرا ... لار تۇغۇلىدۇ، ئەڭ ئەۋۋەل ھايۋانىي سۈپەت قوزغىلىدۇ، ئاندىن يىرتقۇچلۇق سۈپەت ئەگىشىدۇ، ئىككىسى بىر بولۇپ ئەقىل ئىشلىتىدۇ - دە، شەيتانىي سۈپەت پەيدا بولىدۇ، شۇ ماڭغانچە ئۆزىنى تەڭرىدەك چاغلاپ، تەڭرىگە لايىق سۈپەتلەرنى ئىزدەيدۇ.»

ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى:

## 1. قاپاق تۈرۈش، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈش

ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا قاپاق تۈرۈپ يۈرۈش راستىنلا ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ. شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار كىشىلەرگە سەۋەبسىزلا ئالىيىپ قارايدۇ، نەپرەت كۆزى بىلەن سوغۇق تىكىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھى ياكى سەۋەنلىكى يوق، پەقەت ئۇنىڭ تەبىئىتى ياكى مىجەز - خۇلقى ئۇنى شۇنداق قىلغۇزۇپ قويغان.

ياخشى تەھلىل قىلساق بۇ خىل ھالەتنى ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە مىجەزىدىكى قاتتىقلىقى بىرلىشىپ كەلتۈرگەندۇر. ئوچۇق بولماسلىق كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق — تەكەببۇرلۇقنىڭ نەق ئۆزى، يېقىنلارنى كۆرگەندىمۇ كۈلۈمسىرىمەسلىك تەبىئەتنىكى قاتتىقلىقتۇر. بۇ خىل قاتتىقلىق يېقىمسىز بىر ھالەت بولۇپ، ھېچكىم قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ، بولۇپمۇ پەزىلەتلىك ئادەملەر ۋە ئەمەلدارلار بۇ خىل قاتتىق تەبىئەتتىن ئۆزىنى تارتمىقى زۆرۈردۇر.

قاپىقى يامان ئادەملەر يەنە بىر مەنىدىن ئىچى يامان، كۆزى تار ئادەملەردۇر، كۆڭلى - قارنىنى كەڭ تۇتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىگە دۇنيا سىغىدىكەنغۇ؟!...

## 2. يىرىكلىك، قوپاللىق، توڭلۇق

بەزى ئادەملەر تولىمۇ قوپال كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىر

قىسمى ئەسلى تەبىئىتىدىنلا قوپال بولۇپ، ياخشى كۆڭۈل بىلەنمۇ بەكلا قوپاللىق قىلىشى مۇمكىن، مۇنداق ئادەملەرنى چۈشەنگەنلەر چۈشەنگەن بىلەن چۈشەنمىگەنلەر يەنىلا رەنجىيدۇ... «مەن شۇنداق قوپال ئادەم» دەپلا باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار قىلىش ئەلۋەتتە ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىدۇ، ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، كېيىنكىسى ھەقىقەتەنمۇ ئەخلاقسىز ئادەملەردۇر. بۇلارنىڭ شۇ قوپاللىقى تۈپەيلى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

## 3. ئاچچىقى تېز كېلىش

مەيلى ئەقىل بابىدىن، مەيلى دىيانەت بابىدىن سۆز ئاچساق، تېز ئاچچىقلىنىش زور ئەخلاقسىزلىقتۇر. ئۇ نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ باش سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ، خەلقىمىز «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئاچچىقلىنىش نۇرغۇن پەزىلەتلەرنى دەپنە قىلىۋېتىدۇ، ئوبرازنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

ئەقىدە - ئېتىقاد كىتابلىرىغا قارىساق، ئادەم تۇپراقتىن، ئىبلىس ئوتتىن يارىتىلغان ئىكەن. ئوتنىڭ تەبىئىتى ئۆرلەش، تۇپراقنىڭ تەبىئىتى بولسا تىنچ ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇشتۇر.

نەقىل قىلىنىشىچە: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە بىر پەرىشتە ئۇچراپتۇ، ئۇ پەرىشتىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان بىر بىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ، پەرىشتە شۇنداق دەپتۇ: «ئاچچىقلانما! شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى كۈتۈپلا تۇرىدۇ، ئاچچىقلانغان ھامان شەيتان مۇرادىغا يېتىدۇ، ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئالدىرىساڭ نېسىۋەڭ ئېزىپ كېتىدۇ، يىراق - يېقىن ھەممىگە سەممىي بول، شۇندىلا ئېتىقادىڭ مۇستەھكەملىنىدۇ.»

ئاچچىقلانغاندا قان قىزىپ، ئىنتىقام ئوتى لاۋۇلدايدۇ، ئەگەر ئۆزىدىن يۇقىرى كىشى تەرىپىدىن ئاچچىق يۇتۇۋالسا ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۆزى يەتمىسە، بۇ خىل ئاچچىق ئادەمنىڭ چىرايىنى سارغايتىۋېتىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئادەتتە «غەم» ياكى «ئازاب» دەپ ئاتايمىز. ئەمما ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئادەمدىن ئاچچىق يۇتۇۋالسا ئاچچىقلانغۇچىنىڭ چىرايى قىزىرىپ كېتىدۇ، ئىككىلەنمەستىن ئالدىغا ئېتىلىدۇ، بالا - قازا نەق شۇ يەردىن باشلىنىدۇ، پۇشايمانمۇ دەرھال پەيدا بولىدۇ... دۈشمەن خوشال، دوست غەمكىن بولىدۇ...

زىيادە ئاچچىقلىنىش يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن پەقەت ئاچچىقلانماسلىقمۇ ئېسىل پەزىلەت ئەمەس، پەقەت ئېتىقادى، تەپەككۇرى، ئىرادىسى ۋە ئەقلى يوق ئادەملا زادىلا ئاچچىقلانمايدۇ، ناھەق ئىشلارغا نورمال ئاچچىقلىنىش ئەمەلىيەتتە ئېسىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ئاچچىقلانمايدىغانلارنى خەلقىمىز «ۋىجدانسىز، يۇمشاق باش، دىتى يوق، مۆرىمەس...» قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ. زىيادە ئاچچىقلىنىدىغانلارنى «ساراڭ، شەيتىنى كۈچلۈك، قارا قورساق، ياۋۇز، زالىم...» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ. نورمال ئاچچىقلانغانلارنى بولسا «ئەركەك تۈكى بار، مىجەزى چۇس، ۋىجدانلىق...» دەپ سۈپەتلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ باھالىرىدىنمۇ ئاچچىقنىڭ دەرىجىلىرىنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ياخشى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. ئەيىبلەشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش

بۇ خىل ھەرىكەت ئاز بولسىمۇ باشقۇرۇش ھوقۇقى بارلاردا كۆپ سادىر بولىدۇ، مەسىلەن: مۇدىر، ئوقۇتقۇچى، دادا... دېگەندەك، ئاددىي خاتالىقلار ئۈچۈن قايناپ، چالۋاقاپ كېتىشلەر بىزدە ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

ھە دېسە ئەيىبلىدىم، تەربىيە قىلدىم، مېنىڭ توغرا دەپ، قىلغان خاتالىققا لايىقىراق تەنقىدلىمەي، كوتۇلداۋېرىش، ئەيىبلەۋېرىش ھەقىقەتەنمۇ ئەخلاقسىزلىقتۇر. بۇ خىل قىلمىشنى ھېچقانداق كۆڭۈل كۆتۈرمەيدۇ، نەپرەتلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەيىبلەنگەنگە تۇشلۇق ئەيىبلەنگۈچىدىن ھېچ ئىش سادىر بولمىسا...

ئوقۇتقۇچى ئاددىي بىر خاتالىق ئۈچۈن ئوقۇغۇچىنى داۋاملىق ئەيىبلەۋەرسە، چوقۇمكى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، مەكتەپتىن قاچىدىغان، ئۈمىدسىزلىنىدىغان، ھەتتا ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان يامان ئىللەت ۋە پاسسىپ خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالىدۇ... گېزى كەلسە ئوقۇشنى تاشلاپ، ئائىلىگە ۋە جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ، داشقالغا ئايلىنىدۇ...

گاھى كىشىلەر ئۇرۇق - تۇغقانلار ياكى دوست - يارەنلەر ئارا يېقىنلىقنى ئىپادىلەيمەن دەپ، بارالماي قالغان، كېلەلمەي قالغان، كۆرۈشەلمەي قالغان... ئىشلارغا ھە دېسە شالىنى چېچىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئەيىبلەشنى باشلىۋېتىدۇ... ئەمەلىيەتتە بۇمۇ قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ، خىجىل قىلىۋېتىدۇ - دە، ئەيىبلىگۈچىدىن نارازى بولىدۇ... كېيىن «ۋاي مەن يېقىنچىلىق قىلىپ شۇنداق قىلغان ئىدىم...» دېگەن ئۆزرىلەرمۇ كار قىلماي، ئاداۋەت ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ كېتىدۇ... كىممۇ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىنىشىنى ياقتۇرسۇن؟!

## 5. تەكەببۇرلۇق

پەقەتلا تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق كېرەكلىكى ھەممىگە مەلۇم بولسىمۇ، دەيدىغىنىم: ئىككى جايدا تەكەببۇرلۇق

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا زادىلا بولمايدۇ: بىرى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىۋاتقاندا، يەنە بىرى كەمتەرلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندا، بۇنىڭلىق بىلەن ھەممىلا جايدا باشنى ئېگىپ يۈرۈشمۇ توغرا ئەمەس... مۇنۇ ئىككى جايدا كەمتەرلىك قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ، بىرى دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، يەنە بىرى تەكەببۇرلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندا.

## 6. باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش

باشقىلارنىڭ نامراتلىقى، نادانلىقى، كەسپى، ئورۇق ـ سېمىزلىكى، ئېگىز ـ پاكارلىقى... دېگەندەكلەرنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى مەسخىرە ـ زاڭلىق قىلىش ئەلۋەتتە زور ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ.

باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش ئاجايىپ نادانلىقتۇر، چۈنكى مەسخىرە قىلغۇچى مەسخىرە قىلىنغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پەقەتلا چۈشەنمىگەن ھالدا، ئۇنىڭ شەكلەن ھەرىكەتلىرىگە باھا بېرىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن چوڭ كۆرسە خاتالاشقان بولىدۇ، مەسىلەن: نامرات، ئەگەر ئۇ نامراتلىقى تۈپەيلى ئاددىي كىيىنسە، ئۇنى ئاددىي كىيىندى دەپ مەسخىرە قىلساق، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم نامرات بولسىمۇ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى كىيسۇنمۇ؟ ئەگەر ئۇ نامرات تۇرۇپ قىممەت باھالىق كىيىم كىيسە، ئۇ يەنىلا مەسخىرىگە قالىدۇ، دېمەك، نامراتلىقى مەسخىرە قىلىنغۇچىغا بىر ئاپەت بولىدۇ. ئاددىي كىيىنسە، ئاددىي كىيدى دېسەك، ئېسىل كىيىۋالسا ھالىغا باقماي قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى كىيىۋاپتۇ دېسەك... كوچىغا يالىڭاچ چىقسۇنمۇ؟

ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك قىممىتى ماددىيات بىلەن ئۆلچەنسە پەقەتلا توغرا بولمايدۇ. ئىقتىسادقا ئىلىم ـ مەرىپەت، يۈكسەك ئېتىقاد، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئارىلىشىپ كەلمىسە ئۇ مەڭگۈ ئادەمگە پەزىلەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ... پۇلى بالار ئادەم پەزىلەتلىك ھېسابلانسا تارىختا ئۆتكەن نى نى قانخورلار بار، شۇلار ئۇلۇغ بولۇپ كېتەرىدى؟! مەشھۇر قارۇن بۇنىڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ... ھوقۇقى بارلا ئادەم ئۇلۇغ بولسا، پىرئەۋنگە ئوخشاش زالىم پادىشاھلار ئۇلۇغ بولۇپ كېتەرىدى؟! ئەتراپىمىزدا قانچىلىغان پەزىلەتسىز، قەلبى قۇرۇق بايلار... مىڭلاپ تۇرۇپتۇ... بەزىدە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى، پۇلى ئۇلارغا قىلچىمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئېلىپ كەلگىنى يوق...

دېمەكچى، پۇلى بارلار پۇلى يوقلارنى، ھوقۇقى بارلار ھوقۇقى يوقلارنى مەسخىرە قىلماسلىقى، ئۇلار ئۈستىدىن كۈلۈۋاتقاندا «ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي»، «ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ» ... دېگەندەك ئاتا سۆزلىرىنى ئەسلەپ قويۇشلىرى زۆرۈردۇر.

## 7. باشقىلارغا لەقەم قويۇش

لەقەم ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئىجابىي ياكى ياخشى لەقەم، يەنە بىرى بولسا، سەلبىي ياكى يامان لەقەمدۇر. ياخشى لەقەم بىلەن ئاتالغان ئادەم خۇشال بولۇپ، پەخىرلىنىپ كەتكەن بىلەن، يامان لەقەم بىلەن ئاتالغان ئادەم نارازى بولىدۇ، ئازابلىنىدۇ، ئىچى ئاچچىق بولىدۇ... ئىچى ئاچچىق بولغان ھەرقانداق ئادەم ئىچىنى ئاچچىق قىلغان ئادەمگە ئۆچ بولىدۇ، ئاداۋەت ئوتى يۈرىكىنى چىرمايدۇ، چىرايى كۈلۈپ تۇرغان بىلەن دىلى يىغلايدۇ، قىزىقچىلىق قىلدىم دەپ، باشقىلارنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ دىلىنى رەنجىتكەنلىك زور ئەخلاقسىزلىقتۇر...

## 8. غەيۋەت قىلىش

بىزدە ئەڭ كۆپ نەرسە غەيۋەت بولۇپ، يازغۇچىلىرىمىز بۇنى تولىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن ئىپادىلەپ، «ئىسراپچىلىق» دېدى. «غەيۋەتنى بولمىسۇن...» دەپ تۇرۇپ غەيۋەتنى باشلىۋېتىش بىزدە ھېچ گەپ ئەمەس! ئەگەر ئۇنى ئازراق ئاگاھلاندۇرساڭ، «مەن غەيۋەت قىلمىدىم، سۆپىتىنى بايان قىلدىم» دەپ قويۇشلىرى بار تېخى!... ئەمەلىيەتتە غەيۋەت قىلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ بار يېرىدە دېيەلمەيدىغان بارلىق ئىللەتلىرى ئۇ يوق يەردە دېيىلسە «غەيۋەت» بولىدۇ. ئۇ يوق يەردە ئۇنىڭدا يوق ئىللەتلەردىن نىسبەت بېرىلسە بۇ «بوھتان» بولىدۇ.

غەيۋەتكە قۇلاق سېلىپ بەرگەنلەر، بولۇپمۇ «ھە! يەنىچۇ؟ كېيىن قانداق بوپتۇ؟...» دەپ غەيۋەتنى چۇقچىلاپ بەرگەنلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن غەيۋەتخورلاردىن ئېغىرراق جىنايەتچىلەردۇر! ئەنە شۇنداق غەيۋەتچىلەر، مانا شۇنداق گۇپپاڭچىلار سەۋەبىدىن تارىختا ئائىلىلەرلا ئەمەس، دۆلەتلەرمۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن... يىراقنى ئەمەس يېقىننى، ئۇزاقنى ئەمەس قىسقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، غەيۋەتنىڭ قۇربانلىرىنى مىڭلاپ ئۇچرىتىمىز...

مۇقەددەس كىتابلار ۋە ئابا ـ ئەجدادلار غەيۋەت ھەققىدە ئاجايىپ تەنبىھلەرنى بەردى، ھېكايەت ۋە رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلدى، بىزنى پەزىلەتكە ئۈندىدى... شائىرلار شېئىر يازدى، ناخشىچىلار ناخشا توۋلىدى... ھەممە غەيۋەتكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما غەيۋەت بىر لەھزىمۇ توختىغىنى يوق. بۇ ئاچچىق قىسمەتنى ھېچكىم تەھلىل قىلمايۋاتقاندەك، ئېچىنمايۋاتقاندەك، سەزمەيۋاتقاندەك.

غەيۋەت زادى نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ بىلىشىمىزچە:

بىرىنچى، قايناپ كەتكەن ئوغىنى باسقان يەردە پەيدا بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بەك ئاچچىقى كېلىپ، ئوغىسى قاينىغاندا، ئۆز ـ ئۆزىگە، ياكى باشقىلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش جەريانىدا ئوغىسىنى قايناتقان تەرەپنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئارقىلىق تەسەللى تاپىدۇ. ئىككىنچى، ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ بۇرادەرلەر دوست تارتىشقاندا پەيدا

بولىدۇ، دوستلار بىر يەرگە جۇغلاشقاندا ئۆزئارا گۇڭ ـ مۇڭ بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ، بۇ گەپلەر چوڭقۇرلاشقانسېرى غەيۋەت تولۇق نامايان بولىدۇ. ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ، بەلكى، «ھە» دېسە «ھۇ» دەپ گۇپپاڭچىلىق قىلىشىپ بېرىدۇ. «يارىمىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، بويۇمدا قالدى» دېگەندەك، ھەممە ۋىجدانەن ۋە ديانەتەن غەيۋەتكە شېرىك بولۇشىدۇ. ئۈچىنچى، باشقىلارنى چۆكۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنداقلار مەسىلەن: «پالانى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، پوستانى بەغەرەز...» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەك بىلىدىغانلىقىنى، بەك غەرەز ئۇقىدىغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. تۆتىنچى، ھەسەت قوزغالغان كۆڭۈللەرنىڭ تىلىغا غەيۋەت ئۈنىدۇ. كىشىلەر ماختاۋاتقان ئادەم ھەسەتخورغا ياقمىسىلا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئارقىلىق ھەسەت ئوتىنى پەسەيتمەكچى بولىدۇ. بەشىنچى، قىزىقچىنىڭ يېنىدا غەيۋەت چوقۇملا بار، ئۇ باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا غەيۋەتنى پارىڭىغا قىستۇرۇپ قالىدۇ ـ دە، ھەممىنى بىراقلا غەيۋەتكە شېرىك قىلىدۇ.

ئۇنداقتا زادى ھېچكىمنىڭلا گېپىنى قىلماسلىق كېرەكمۇ؟ ياق! تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا باشقىلارنىڭ سۆز ـ شىكايىتىنى چوقۇم قىلىش كېرەك! 1) بوزەك قىلىنغان ئادەم، بوزەك قىلغۇچى ئۈستىدىن باشقىلارغا بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ، ئۆز ھەققى ـ ھوقۇقىنى چوقۇم قوغداش كېرەك. 2) قانۇنغا، ئەخلاققا، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى توسۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارغا بۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىش كېرەك. 3) باشقىلار توي قىلىش ياكى ئامانەت قويۇش... دېگەندەك مەقسەتلەردە باشقىلارنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە سورىسا چوقۇم راست گەپنى قىلىش كېرەككى، ئۇلارنى ھەرگىز ئالداشقا بولمايدۇ. 4) نومۇسسىزلارنىڭ ئارقىدىن گەپ قىلىش خاتا ئەمەس.

## 9. چېقىمچىلىق قىلىش

ئادەتتە چېقىمچىلىق دېيىلسە بىراۋنىڭ گەپ ـ سۆز ئىش ھەرىكەتلىرىنى يەنە بىراۋغا ئېيتىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ ئېچىشقا بولمايدىغان سىرىنى ئېچىشنىڭ ئۆزىلا چېقىمچىلىق بولىدۇ. چېقىمچىلىق غەيۋەتكە ئوخشاشلا رەزىل قىلمىش ۋە ئېغىر ئەخلاقسىزلىقتۇر.

ئەسلىدە چېقىمچىغا ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە چېقىمچى ھەممىگە كېرەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ قىلغان ئىشلار كۆڭلىمىزگە يېقىۋاتىدۇ. «بولدى قىل! ساڭا ئىشەنمەيمەن!» دەيدىغان ئادەم يوق، ھەتتا پۇل خەجلەپ چېقىمچى سېتىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ قەدەممۇ بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

شەرق ئالىملىرىدىن يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر «چېقىمچى بىر سائەتتە قىلغان يامانلىقنى سېھىرگەر بىر ئايدىمۇ قىلالمايدۇ» دېگەنىكەن.

خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىر ئادەمنى چاقىرىپ: «سەن مەن توغرىلىق يامان گەپ قىلىپسەن؟» دېگەندە، ئۇ ئادەم بۇنى ئىنكار قىلغان، خەلىپە: «ماڭا خەۋەر يەتكۈزگەن كىشى راستچىل ئادەم» دېگەندە، ئۇ ئادەم: «چېقىمچى راستچىل بولامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن، خەلىپە ئۇ ئادەمنى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن تارتۇق قىلغان.

## 10. باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش

ئەقلى بار، تەپەككۇرى بار ئادەم بىرەر خەۋەرنى ئاڭلىسا، ئۇنى چوقۇم ئېنىقلاپ بېقىپ، ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەقلى چولتا، تەپەككۇرى ئاجىز، ئالدىراڭغۇ ئادەمچۇ؟ ئۇ دەرھال ئاڭلىغان خەۋەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇتتۇش قىلىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا، «پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، چىققىلى ئاچا» تاپالماي قالىدۇ... «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دېگەن فىلىمنى ئەستايىدىل كۆرگەن ئادەملەر يالغان ئۇچۇرغا ئالدىنىپ، ئالدىراپ تەدبىر كۆرۈپ، زىيان تارتقانىنىڭ مىسالىنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

## 11. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇنچە ئىزدەش

باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇنچە ئىزدەش ئىككى قىسىم بولىدۇ، بىرى مەيلى ھەقلىق يوسۇندا بولسۇن، مەيلى ھەقسىز يوسۇندا بولسۇن، باشقىلار ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، بۇ پايلاقچىلىق دېيىلىدۇ، يەنە بىرى ئۆزى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، بۇنداقلارنى ئادەتتە كىشىلەر (رەزىل، مۇناپىق...) دېگەندەك يامان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىشىدۇ، نېمىلا بولمىسۇن ھەر ئىككى خىل «ئىزدىنىش» ھەقىقەتەن ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

پايلاقچىلىق ھەممىنى كۆيدۈرىدىغان ئوتتۇر. ئۆزئارا ئەيىبلەرنى يېپىشنىڭ نەقەدەر گۈزەل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئەيىبنى يېپىشنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان قىممىتىنى ھېس قىلمايدىغان كىشىلەرنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

پايلاقچىلىق مەيلى ئېتىقاد نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى

www.uyghurkitap.com

ئەلنىڭ نەزىرىدە بولسۇن چوڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ؛

بىكارچىلىق سەۋەبىدىن ياكى كىشىلەرنى رەسۋا قىلىش ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ئېغىر ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىكارچىلىق سەۋەبىدىن پايلاقچىلىق قىلىش شۇبھىسىزكى خاتا! گۇمان بىلەن پايلاقچىلىق قىلىش يامان قىلمىشلارنىڭ يامرىشى، دوستلار ئارا ئىشەنچنىڭ يوقلىشى، ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەسلىك... قاتارلىق سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمما دۆلەت ياكى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن، ياكى ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھىمايە قىلىش غەرىزىدە، ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇنچە سۈرۈشتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئەخلاقسىزلىققا ياتمايدۇ، بەلكى ئۇ زۆرۈر مەجبۇرىيەتلەردىن بولۇپ، مەدەنىي ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى ۋە ياردەمدە بولمىقى لازىمدۇر. ئېچىنىدىغان يېرى شۇكى، جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق ئەخلاقسىز كىشىلەر بار. ئۇلار پۇل ئۈچۈن ئۆز ئاچا ـ سىڭىللىرىنىمۇ پايلاپ يۈرۈشىدۇ. بىر قىسىم ھارامدىن پۇل تاپقان كارخانىچى، بايلارغا خۇشامەت قىلىشىپ، باشقىلارنىڭ خاتالىقى بەدىلىگە ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىشىدۇ. ‹ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي› دېگەندەك، شۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلاپ قويۇشمايدۇ.

## 12. ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش

شۇنداق ئادەملەرنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن، ئۇلار سۆھبەتداشلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا، خۇددى قەدىناس كونا دوستلار ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئەمدىلا ئۇچراشقاندەك، شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىدۇ. بۇلارنىڭ سۆھبەت مەنزىرىسىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇلارغا مەستلىكى كېلىدۇ. بىراق سورۇن شۇنداقلا تارقىشىغا بۇ ئادەم سورۇن ئەھلىنى شۇنداق سۆكىدۇكى، ھەيرانلىقتىن ياقا چىشلىمەي تۇرالمايسىز. ئۇلارنى سۆككەندىمۇ ئاجايىپ قەبىھ ئىبارىلەر بىلەن غەيۋىتىنى قىلىپ تۇرۇپ سۆكىدۇ. بۇ خىل ئەخلاقسىزلىق ئەڭ پەسكەش ۋە رەزىل قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىل ئىككى خىل ھالەتتە تىل ساھىبىنى ئېغىر ئاقىۋەتكە قالدۇرىدۇ. بىرى، يالغان گەپ بىلەن، يەنە بىرى ھەقىقەتنى سۆزلىمەسلىك بىلەن. ئىككى يۈزلىمىچى دەل يالغانچىدۇر، ئىنسانغا كېلىدىغان ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ ئاساسلىقى تىلدىن كېلىدۇ.

## 13. گۇمانخورلۇق قىلىش

«گۇمان ئىماننى يەيدۇ» دېگەن ئىكەن قەدىمكىلەر، گۇمان ئېتىقادتا ئىماننى يېسە، جىسمانىي جەھەتتىن يۈرەكنى يەيدۇ، گۇمانخورلۇق چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئېغىر روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكتۇر، ئۇ روھىي جەھەتتىنلا داۋالىناستىن، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ داۋالىنىشى زۆرۈر بولغان يامان ئىللەتتۇر. مېڭىنىڭ ئاجىزلىق تۈپەيلى گۇمانخور بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنى ئەتراپىمىزغا زەن سالساق ئۇچرىتىپ قالىمىز. بىچارە گۇمانخور ھەر بىر ئاۋازنى، ھەر بىر ھەرىكەتنى ئۆزىگە قارىتىلغان سۇيىقەست دەپ قارىۋېلىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تەتۈر قىينايدۇ. روھىي كەمتۈكلۈك سەۋەبىدىن بولغان گۇمانخورلۇق تېخىمۇ ئېغىر ئىللەت بولۇپ، ئىللەت ساھىبى دىققەت قىلمىسا ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.

ئىككى ئادەم پىچىرلاشسا بۇ ئولتۇرالماي قالىدۇ...

ئاممىۋى سورۇندا مەلۇم ئادەملەر ياكى مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئەيىبلەنسە بۇنىڭغا تېگىپ كېتىدۇ...

توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا ئېيتماي قالسا، ئېيتمىغۇچىنى تىللاپ، غەيۋىتىنى قىلىپ، يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىگە قويۇۋېتىدۇ...

ئۇنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئاق كۆڭۈل بىرەيلەن، سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا دەرھال ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئەيىپلىدۇ ۋە غەرەزلىك نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، قىلىۋاتقان خاتالىقىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈپ داۋاملاشتۇرىدۇ...

يولدا ماڭغاندا بىرەر كىشى ئۇنىڭغا يېقىنراق ۋە ئۇزاقراق بىرگە مېڭىپ قويسا ئۇ مېنى نازارەت قىلىۋاتىدۇ دەپ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، ئامال تاپسا ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ...

مانا شۇنداق!... قىلارغا ھېچ ئىش يوق، ئەمما بوش ۋاقتى يوق. «ئوغرى گۇمانخور... تاماخور» دېگەندەك، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشىتىش بىلەن بەند بولغان بۇ بىچارە ــ شەيتاننىڭ قۇلى ئەمەس، بەندىسى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچ بىلمەيدۇ...

ئەمما ئۆزى سادىر قىلغان ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندىكى گۇمانلار، دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ھەققىدە قىلىنغان گۇمانلار بولسا تامامەن ھەقلىق يوسۇندىكى گۇمانلار بولۇپ، بۇ خىل گۇمانى يوق ئادەملەرنى بەك ساق ئادەم دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ...

## 14. باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇش

باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇش نۆۋەتتى كەلسە نۇرغۇن پېشكەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. باشقىلار

ئارىسىدىلا ئەمەس، ئۆزى بىلەن سىر ساھىبىنىڭ ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولىدۇ، ھەممە بۇ ئېغىزى بوشقا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمىغاچ» قا كىشىلەر ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايدۇ... باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانلىق ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانامدۇ؟

## 15. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىش

شۇنداق ئادەملەر باركى، يېقىنلىرىدىن — مەيلى ئۇ دوست بولسۇن ياكى تۇغقان بولسۇن، ئەرزىمەس بىرەر سەۋەنلىك ئۆتسە، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىش يوق، ئەكسىچە شۇ سەۋەنلىك ياكى خاتالىقنىڭ سېپىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ قارشى تەرەپنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ نەق ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۆزى!

## 16. باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماسلىق

نۇرغۇن كىشىلەر ئىززەت - ھۆرمەت، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ئىزدەپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەردە بولىدۇ، ئەتراپقا ئىزدىنىپ قارايدۇ، قانچىلىك يۇقىرى ياكى قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىززەت - ھۆرمەت، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى بولسىلا ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى خالايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن جايدا ئۇنىڭ مەنبەسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش، ياخشى تەرىپىنى ئويلاش، ئۆزرە قوبۇل قىلىش، ئاچچىقنى يۇتۇش!... مۇشۇنداق خىسلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ھەرقانداق ئادەم چوقۇمكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ ھۆرمەتلىك ياشايدۇ. باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئازار بېرىپ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرمەي، يەنە ئۇلاردىن ئىززەت تاما قىلىش، خاتىرجەملىك ئىزدەش، ئەقىلدىن بەلكى يىراقتىكى تەسەۋۋۇردۇر.

ئەپۇ قىلىش — قەلبى پاكىز، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك شوئارى! چۈنكى ئۆز ھەققى - ھوقۇقىدىن قىسمەن ۋاز كېچىش — يىراقنى كۆرەرلىكنىڭ ئالامىتى، باشقىلارنىڭ قەلب دۇنياسىدىن زېمىن ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى... باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، سەۋەبى ئىنسان تەبىئىتى غەلىبىگە ئاشىق، ئىنتىقامنى سۆيىدۇ، ھەممە ئادەم تەبىئىتىگە بويسۇنۇپ، غەلىبىنى كۆزلىگەندە، تەبىئىتى ئۈستىدىن غالىب كېلىش — شەخسىيىتى كۈچلۈك، ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان جەسۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ جەسۇرلۇق خاسلىق سۈپىتىدە بۇ ئادەمنى باشقىلاردىن ئايرىيدۇ، شۇنداقلا ئۇ «يولۋاسنى يېڭىپ» ئەمەس، «ئاچچىقنى يېڭىپ» ئۆزگىچە ۋە ھەقىقىي باتۇر بولۇپ سانىلىدۇ...

ئەپۇ قىلىشنىڭ دائىرىسى چەكسىزلىكتە بولۇپ، يۇقىرىسى ئىنسانىيەتنى بەختكە باشلايمەن دەپ، خەلققە رەھبەر بولغان يېتەكچىلەردىن تارتىپ، تۆۋەنكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاددىي شەكىللىك ئەپۇ قىلىشلارغىچە كېڭىيىدۇ. خۇن دەۋالىرىنى كەچۈرۈش، ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى سۈركىلىشلەرنى كەچۈرۈش... بۇلارنى ئاددىي سانىغىلى بولمايدۇ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت ئومۇمىي مىللەت سالاھىيىتىمىز بىلەن ئۆز ئارا كەچۈرۈشسەك، چوقۇمكى «ئىناق، ئىللىق جەمئىيەت» بەرپا قىلىش نىشانىغا تېزلا يېتىشىمىز مۇمكىن... ئىناقلىقنى كىم خالىمايدۇ؟ ئىللىقلىقنى كىم ياقتۇرمايدۇ؟ بىر - بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشماي تۇرۇپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

كەچۈرۈش (ئەپۇ قىلىش) — بولۇپمۇ غالىب ھالەتتە كەچۈرۈش — ئاجىزلىق ياكى خارلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى باتۇرلۇق ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىنى كونترول قىلالايدىغان جاسارەتنى ئىپادىلەيدۇ.

پەقەت ئەقىلنىڭ دۈشمىنى بولغان ئادەملەرلا ئەپۇ قىلىش دېگەن گۆھەرنى تونۇمايدۇ. ھەۋەس سەلتەنەتنى ئەقلىگە ھۆكۈمران قىلغان بۇنداق ئادەملەر ‹گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا› دېگەن چاقىرىقلارغا قۇلاق سالمايدۇ.

## 17. ئاداۋەت ساقلاش، ئۆچمەنلىك قىلىش

ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتسا، بۇ ئاچچىق ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى ئۈندۈرىدۇ، ئۆچمەنلىك ئاچچىق پەيدا قىلغان ئۇرۇق بولسىمۇ بۇ ئۇرۇق ئەمەلىيەتتە ھەسەت دېگەن مېۋىنى مېۋىلەيدۇ.

ئاداۋەتنىڭ يامانلىقىنى ۋە زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، يىل-يىللاپ، ھەتتا بىر ئۆمۈر ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەملەر ئەتراپىمىزدىلا تۇرۇپتۇ، ئادەملىرىمىز ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق ئاداۋەت ئىچىدە ھەتتاكى دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشقا سەۋەب بولغان ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئاداۋەت ساقلاپ، يىلسېرى دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىدىغان ئەھۋاللاردىن ھەممە خەۋەردار بولسا كېرەك.

ئاداۋەتتىن كىم پايدا ئالىدۇ؟

ھېچكىم! ھېچكىم پايدا ئالالمايدۇ!! ئەگەر پايدا ئالىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئاداۋەتلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىرى پايدا ئالىدۇ، ئادىمىي جىن-شەيتانلار پايدا ئالىدۇ... زىيانىنچۇ؟ نەق ئىككى تەرەپ تەڭ تارتىدۇ. ئادەم بىر قېتىم تىنچلىق سورىمىغانغا، بىر قېتىم پۇل قەرز بېرىپ تۇرمىغانغا، بىر قېتىم مېھماندارچىلىققا بارمىغانغا... شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى كېرەكمۇ؟ دادىمىزدىن قالغان شۇنچىلىك بىسات، ياكى ئۆي - زېمىن بىزنى بىر تۇغقاندىن ياتلاشتۇرماقچى بولسا، تۇغقىنىمىزدىن كېچىشكە رازى بولىمىز-يۇ، شۇ پۇچەك نەرسىلەردىن ۋاز كەچمەيمىز. بىر قىزنى چوڭ قىلىپ بەرگەن ئاتا - ئانا نۇرغۇن دەردلىرىمىزگە، ئازارلىرىمىزغا چىدايدۇ - يۇ، بىز

ئۇنىڭ بىر قېتىملىق سەۋەنلىكىنى كەچۈرەلمەيمىز.

ئەرزىمدۇ؟! ئاداۋەت — بۇ لەنەتتى ئىللەت مۇشۇ قىسقا ھاياتتا قوللىنىشقا ئەرزىمدۇ؟ مۇشۇ گۈزەل دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئەرزىمدۇ؟ مەدەنىيمەن، زىيالىيمەن دەپ مەيدىگە ئۇرۇشلارغا نىسبەتەن ئەرزىمدۇ؟...

## 18. ھەسەت قىلىش

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنسان تەبىئىتى ئەزەلدىنلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئېھتىمال بۇ خىل تەبىئەت ئەسلىدە ئىنساننىڭ مۇكەممەللىككە قاراپ ئىنتىلىشى بولسا كېرەك، بىراق بۇ تەبىئەت باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ياقتۇرمايدىغان، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسە خۇيى تۇتىدىغان ھالەت بولۇپ، ھەممە ئادەمدە داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خۇيى تۇتۇپلا بولدى قىلسا مەيلىدىغۇ! ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق بولدى قىلىۋەتمەيدۇ. ئۆزى ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭمۇ ئېرىشىشىگە قارشى تۇرىدۇ، بۇنىڭ ھەسىتىنى قوزغىغان نېمەتنىڭ نېمەت ساھىبىدىن يوقىلىشىنى تىلەيدۇ، تىلەپلا توختاپ قالسا مەيلىدىغۇ؟ يوقىلىشىغا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ھەسەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر قانچە چارىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش، يەنە بىرى: شۇ نېمەت ئۆزىگە بېرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ بېقىش...

ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ، ‹ھەسەت قىلدىم› دەپ، ئالىملارغا ھەسەت قىلىشقا زادىلا بولمايدۇ، بۇلارغا پەقەت قەلبى قارا پەسلەرلا ھەسەت قىلىدۇ...

ھەسەت نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ؟

چۈنكى دۇنيا رىقابەت بىلەن تولغان. تەڭتۇشلار، كەسپداشلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار... نىڭ ئورتاق ئېرىشىدىغان مەلۇم نىشانلىرى بولىدۇ. بۇ نىشانغا ئۆزى قېلىپ، باشقىلار ئېرىشىپ كەتسە، بۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق؟ مانا شۇ يەردىن توغرا رىقابەت ئەمەس، ئاچچىق ھەسەت مەۋج ئۇرىدۇ، يالقۇنجايدۇ. شۇڭا «ئالىم ئالىمنى كۆرەلمەيدۇ»، «يازغۇچىنىڭ غەيۋىتىنى يازغۇچى قىلىدۇ.» «ھاكچى ئۇنچىنى كۆرەلمەپتۇ» دېگەننىڭ نەق ئۆزى ئەنە شۇ ھەسەتخورلۇققا قارىتىلغان. سودىگەرنىڭ غەيۋىتىنى پەقەت سودىگەرلا قىلىدۇ... موزدوزنىڭ كىيىم تىككۈچىنى غەيۋەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، غەيۋەت قىلىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئىككىسىنىڭ يەنە باشقا ئورتاق ئىنتىلىشى بار بولغان بولىدۇ. بىر قىسىم ھوقۇقدارلار ئارىسىدىكى، يۇرتۋازلار ئارىسىدىكى ھەسەتلەرنى دېمەيلا قويايلى...

ئەگەر ئالىملار پەقەت بىلىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياشىغان بولسا، بەلكىم ئۇلار ئارىسىدا ھەسەت بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى، بىراق. ئۇلار بىلىملىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىپ، ئابرۇي ئىزدىگەچكە، بۇ ئابرۇيغا ئېرىشەلمىگەنسېرى بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك بولۇشۇپ، ئۇرالىسا ئۇرۇپ، تىللىيالىسا تىللاپ، تىللىيالمىسا غەيۋەت قىلىپ، دەردى چىقمىسا ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، يۇرتقا يېيىپ، سېستىپ، تاپالمىسا يوقنى بار قىلىپ چىقىپ... ئۆتمەكتە.

ئەسلىدە ئالىملار باغقا ئوخشايتتى، باغقا كىرگەن ئادەم باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇر ئېلىپ كەيپ سۈرگەن بولار ئىدى، باغۋەنمۇ، ئۆزىمۇ خۇرسەنلىككە ئېرىشەر ئىدى. بىراق بۈگۈنكى بىر قىسىم «زىيارەتچىلەر» باغ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، باغدىكى دەل- دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈۋىگە تۆكۈلگەن قىغ- ئوغۇتلارنى كۆرۈپ باقماقچى، قۇرت- قوڭغۇزلار بولسا يۇرتقا يايماقچى بولۇپ كىرىشىدىغان بولدى.

ئالىملار پەرىشتە ئەمەس! ئۇلارمۇ ئىنسان! ئۇلاردىنمۇ ھەممىمىزگە ئوخشاش سەۋەنلىك ئۆتۈلىدۇ! بىز ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئىزدىگەننىڭ ئورنىغا پەزىلىتىنى ئىزدىگەن بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى - ھە؟

ھەسەتخورلۇقنىڭ داۋاسى يوق كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا ئورتاق چۈشەنچىگە كەلگەن بولسىمۇ، ياخشى تەھلىل قىلىنسا بۇنىڭ چارىسى تېپىلىدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىك! ئۆلۈم ۋە قېرىلىقتىن باشقا كېسەللەرگە شىپا تېپىلىدۇ، بۇ كېسەل قەلب كېسەللىرىنىڭ يامانلىرىدىن بولۇپ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەندە ساقايمىقى تەسكە توختايدۇ. قەلب كېسەللىرى ئومۇمەن ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن داۋالىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەتخور قىلىۋاتقان ھەسىتىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيىنىنى تونۇشى كېرەك. چۈنكى ھەسەت قىلىنغۇچى بۇ زىياننى تارتمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەسەت قىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەملىكىنى ياخشى بىلىپ، دۈشمەنلىرىنى تونۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ مۇداپىئە كۆرۈش، شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ھەسەتخور قىلىۋاتقان ھەسىتىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيىنىنى تونۇپلا قالسا يەنە كۆپايە قىلمايدۇ. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ كېسەلنى داۋالاشقا ماسلىشىشى كېرەك. مەسىلەن: ھەسەتخورنىڭ ھەسىتى ئۆچمەنلىكتىن بولسا، ھەسەت قىلىنغۇچىنى ماختاش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سىردىشىش ئارقىلىق ئۆز تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇققا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر تەكەببۇرلۇقتىن ھەسەت قىلغان بولسا، ھەسەت قىلىنغۇچىغا چوقۇم كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك... دېگەندەك.

## 19. ھاياسىزلىق

ھايا ھەققىدە گەپ بولۇنسا كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ

كاللىسىغا يەرگە قاراپ ماڭىدىغان قىز، خىجالەتتىن ۋىللىدە قىزارغان چىراي... لار كىلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە هايانىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىسى ۋە دائىرىسى ئۇنچە ئاددىي ئەمەس.

ئاتا مىراس شۇ هايا دېگەن گۈزەل ئەخلاقنى خەلقىمىز ئۆزىگە هەمراھ قىلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ سۇسلاپ كېتىشىگە چىدىمىغان ئەل سۆيگەن شائىر مۇهەممەدجان راشىدىن ئاكا بىر شېئىردا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

هالاك قىلدىڭ هايانى هازىدارمەن شۇ سەۋەب،
ئاغرىپ ئۆلسەم مەيلىغۇ، ئۆلەي دېدىم نومۇسقا.
توۋا دەيمەن، يامانلىق بىزدە ئەجەب كۆكلەيدۇ،
ئۇتمۇ ئەۋزەل ئەڭ ئاسان تۇتاشقاندەك قومۇشقا.
(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 6 ـ سان)

ئەرلەرنىڭ هايا قىلىشى هەقىقەتەن ياخشى ئىش، بىراق ئايالларنىڭ هايا قىلىشى تەسۋىرلىگۈسىز ياخشى ئىش.

ئالىملار: ئەقىلنىڭ ئورنى باشتا، ئۆچمەنلىكنىڭ كۆزدە، ساختىپەزلىكنىڭ قۇلاقتا، هايانىڭ يۈزدە، هېكمەتنىڭ تىلدا، غەمنىڭ كۆڭۈلدە، خۇشاللىقنىڭ دىلدا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

## 20. بېخىللىق

بېخىللىقنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكى هېچكىمگىمۇ نامەلۇم بولمىسا كېرەك، بېخىل بىلەن دوست بولۇشمۇ ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر «بېخىلنىڭ مېلى ئاخىرى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە قالىدۇ» دېيىشىدىكەن، مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، ئۇخشىغان بىر مېۋىلىك دەرەخ تۈۋىدە تۇرۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇنداق هالەتتە قايسىسىنى ئۈزۈشنى بىلمەي قالىدۇ كىشى. مەن شۇ تاپتا بېخىللىقنىڭ قەبىھلىكىنى قانداق ئىپادىلەش، قايسىسىنى ئالدىن يېزىش، قايسى ۋەقەلەرنى ئەسلەتمە قىلىشنىمۇ بىلەلمىدىم. هەرقانداق ئوقۇرمەن بېخىللىقنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككى جايدا بېخىللىق قىلىشقا خىجىل بولماسلىق كېرەك: بىرى گۇناھ بولىدىغان چاغدا، يەنە بىرى بىھاجەت ۋاقىتتا...

بىر هۆكۈما: «هالالدىن تاپقان مېلىڭدىن باشقىلارغا بەرسەڭ، هارام مالنىڭ مېلىڭغا قوشۇلۇپ قېلىشىدىن هەزەر قىلساڭ، سەن هەقىقىي سېخىي» دېگەنىكەن.

سېخىيدىن بىر نەرسە سورىغاندا ئۇنىڭغا پۇرسەت بېرىش كېرەك، ئۇ چوقۇم ياخشى بىر ئىشنى ئويلايدۇ، ئەمما بېخىلدىن بىر نەرسە سوراشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققاننى ئېلىش كېرەك. چۈنكى ئۇ بېخىللىقى تۇتۇپ قالسا ئادەمنى نائۇمىد قىلىدۇ.

## 21. مىننەت قىلىش

خەلق ئىچىدە «مىننەتخوردىن خۇدايىم ساقلىغاي» دەيدىغان تىلەكلەر بار. ئاددىي بىر ئىشلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ هەممىسىنى مىننەت قىلىدىغان كىشىلەرنى قەدەمدە بىر بولمىسىمۇ، غۇلاچتا بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مىننەتخورلۇقمۇ تازا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ هېسابلىنىدۇ. داۋاملىق مىننەت قىلىنىۋەرسە قارشى تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى بەلكى ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويىدۇ. مەرد ئادەملەر، پەزىلەتلىك كىشىلەر هەرگىزمۇ مىننەت قىلمايدۇ، بەلكى قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

مىننەت قىلىشقا توغرا كەلسە مۇنۇ ئىككى جايدا مىننەت قىلىشقا بولىدۇ: بىرى، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئەھۋال چۈشەندۈرگەندە، يەنە بىرى، تەربىيە بېرىش غەرىزىدە ياخشىلىقلارنى ئەسلەتمە خاراكتېرلىك تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا جايدا ياخشىلىقنى قايتا تىلغا ئېلىش قەبىھ هەرىكەت بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

## 22. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق

ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنى ئەخلاقسىزلىق دېيىش غەلىتە ئاڭلىنىشى مۇمكىن، ئەمما، ئۇنىڭ پەس قىلىق ئىكەنلىكىنى هەممە ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىزدە ۋەدە بېرىپ ئەمەل قىلمايۋاتقان ئىشلار قۇمدەك چوڭلارغا ئەمەس، كىچىكلەرگە بەرگەن ۋەدىلەردىمۇ يەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى %100 لىك ئىشلاردىمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يوق. كىچىكلەرنى ئەنە شۇنداق تەربىيەلىمەك بولىمىز. «هازىرلا بارىمەن...» دەپ قويۇپ نەچچە سائەت يوقاپ كېتىدىغان ئىشلارچۇ تېخى! «ئوبدان... ئوبدان...» لا دەيمىز ئىش پۈتتى! «ئەتە هەل قىلىپ بېرەي...»، «ئۆزۈم بىر قوللۇق بېجىرىۋېتىمەن...»، «خاتىرجەم بولسىلا...»، «بىر تېلېفون بىلەنلا...» دېگەن ئىبارىلەر ئەتراپىمىزدا داۋاملىق ئۇچۇپ يۈرىدىغان پاخال پاراڭلارغا ئايلانماقتا.

قەرز ئالىدىغان ۋاقىتتا يۈزلەپ جەريان سۆزلەپ، مىڭلاپ ۋەدىلەرنى بېرىپ، قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىدا بىرىگىمۇ ئەمەل قىلمايدىغان ئىشلارنى، هەتتا قىزىرىشىپ، جېدەللىشىپ، سەتلىشىپ، ئەرز قىلىشىپ كېتىدىغان ئىشلارچۇ ـ تېخى!

«ئەتە...»، «ماقۇل...»... لارغا كىم ئىشىنىدىكىن تاڭ؟ هازىر ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەخلاقى بىزدىن يوقالغاچقا ئاددىي مۇئامىلىلەردىمۇ چوڭ ـ چوڭ هۆججەتلەرنى يېزىشىپ، جامائەت گۇۋاهلىقى ئورنىنىڭ تامغىسىنى بېسىشىپ كېتىدىغان بولدۇق... ئىلگىرى چوڭلار بىر ئېغىز «هېساب!» دەۋەتسە شۇ ئىش «هېساب» بولار ئىكەنتۇق. «گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن» دېيىشىپ، شۇ دېيىشكەن گەپلەرگە ئەمەل قىلىشىپ ئۆتكەن

ئىكەن شۇ جوڭلار!...

## 23. يالغانچىلىق

يالغانچىلىقنىڭ ئەخلاقسىز قىلىق ئىكەنلىكىگە گەپ كېتەمدۇ ـ ھە؟ بۇ قەبىھ ھەرىكەتنى ھەممە ۋە ھەممە مۇتلەق ھالدا ياقتۇرمايدۇ...

ساداقەتنى، سەممىيەتنى ئاز ئادەمنىڭ دوستىمۇ ئاز بولىدۇ. مېنىڭچە ئوقۇرمەن يالغانچىلىق ھەققىدىكى بۇ ئاددىي بايانلىرىمنى ئوقۇۋېتىپ، «ئەجەب ئاددىيلا يېزىپتا، يالغانچى گۇيلار توغرىلىق تازا ياكى راسا يېزىش كېرەك ئىدى...» دېيىشى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ دەيدىغىنىم: يالغانچى توغرىسىدا رىسالە ئەمەس، قامۇس يازسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

باشقىلارنىڭ خىلمۇ خىل كۆز قاراشلىرى، مەدەنىيەتلىرى، خۇي ـ پەيللىرى... بىزگە قارىقويۇق كىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي بەلگىلىرىمىزدىن خېلى كۆپىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. بۇنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى راستچىللىق!

دەۋرىمىزدە يالغان گەپ قىلىش مودا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېتىقادىغا راستچىل بولماسلىق، ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىش ئۈچۈن، باشقىلارنى كولدۇرۇش ئۈچۈن، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، دەۋا ـ دەستۇرلاردائۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن... يالغانچىلىق قىلىش ئاددىي ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. ھېچكىمدە بۇ توغرۇلۇق گۇناھ تۇيغۇسى يوق. قاراپ تۇرساڭ ئالدىغىدىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يالغان گەپنى قىلىۋېرىدۇ. تىبخى سېپى نەق مەيداندىلا ئىسپاتقا تارتىپ سىنىمۇ ئەخلاقسىزلىققا شېرىك قىلىدۇ.

ئەتراپتا بولۇۋاتقان يالغان خەۋەرلەرنى نەقىل قىلىش، ھەقىقەتنى تولۇق يەتكۈزمەسلىكلەر، مەنپەئەت ئۈچۈن مۇبالىغە قىلىش، بايلارغا خۇشامەت قىلىپ، يوق گەپلەر بىلەن ئۇلارغا كۈچۈكلىنىش... لارنى كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟!

## 24. ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغان، قالايمىقان چاقچاقلارنى كۆپ قىلىش

بىز ئۇيغۇرلار چاقچاقنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمىز، بولۇپمۇ شىمالدىكى ئۇيغۇرلار جەنۇبقا قارىغاندا خۇش چاقچاق كېلىدۇ، جەنۇبتا بولسا بەزى كىشىلەر ئاددىي چاقچاقلارغىمۇ ئۆچىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنى سۆككەنلىك ياكى ئەيىبلىگەنلىك ئەمەس.

بەزى كىشىلەر كۆڭۈلدىكى گەپلىرىنى چاقچاققا يۆلەپ قىلىۋالىدۇ، قارشى تەرەپ قوبۇل قىلسا دېگىنى بويىچە كېتىۋېرىدۇ، ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆچسە «چاقچاق» دەپلا مەقسەتنى بۇرىۋېتىدۇ.

ھەقىقي ئىنسان ئەسلىدە ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئويۇن ـ تاماشا ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلىي مەقسەت ئەمەس. چاقچاققا قارىتا كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بىردەكلىك يوق. بىر قىسىم كىشىلەر چاقچاق كۆڭۈلنى ئاچىدۇ. چاقچاق قىلسا نېمە بولۇپتۇ دېيىشىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر چاقچاق گاھىدا يالغانچىلىق، قورقۇتۇش، كەمسىتىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن غاپىل قالدۇرۇش... تەك سەلبىي تەرەپلەرنىمۇ پەيدا قىلغاچقا چاقچاقنى ياقتۇرمايدۇ ۋە چاقچاق قىلسا ئۆچىدۇ. چاقچاقنى كۆپ قىلىش قارىماققا خۇشخۇيلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، كۆلكىسى كۆپ ئادەملەرنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مەسىلىلەرگە يەڭگىللىك بىلەن قارايدۇ، ھە دېسە چاقچاققا يۆلەپ، مۇھىم مەسىلىلەردە كەسكىن بولمايدۇ. چاقچاق ئادەمنى نۇرغۇن ئىشلاردا غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، كىشىلەر ئالدىدا ھۆرمىتىنى قويمايدۇ.

چاقچاق ئادەمنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈپ، دوستلۇققا زىيان سالىدۇ. ئەمما چاقچاققا يالغانچىلىق ياكى ئادەم قورقۇتۇش، باشقىلارغا زىيان سېلىش، ئۆز ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلىش... تەك يامان ئىللەتلەر قوشۇلۇپ كەتسە، بۇ خىل چاقچاق چوقۇمكى ھەممىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. يۇقىرىقى سۆزىمىز قارىماققا چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك، بىزدەك خۇشخۇي مىللەتنىڭ زېنىغا تەگكەندەك تۇيۇلسىمۇ، ئويلىنىپ كۆرسەك راست گەپلەردۇر. چاقچاق ئۆز ئارا مۇھەببەت پەيدا قىلسا، ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلسا، باراۋەرلىك ئاساسىدا قىلىنسا، تەربىيە مەقسەتلەنسە... بۇنداق چاقچاقلار خەلقىمىزدىن ئۈزۈلمىگەي، ئازراق پۇلنى دەپ، چاقچاقچىكەن دېگەي دەپ، قاملاشمىسا ـ قاملاشمىسا چاقچاق قىلدىم دەپ ھەر خىل گەپ ـ سۆز، پەقەت بولالمىسا ھەر خىل ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاقچاق ساھەسىدە جان باقىمەن دېگەن بىر قىسىم ئادەملەر خەلقىمىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ۋاقتىنى زايە قىلىپ، تەپەككۇرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مىللەتكە زىيان سالغاندىن ئۇنداق چاقچاقنى قىلماسلىقى ئەۋزەلدۇر...

## 25. نەسەب بىلەن پەخىرلىنىش

نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىش ـــ ئەخلاقسىزلىقلا بولۇپ قالماي، يەنە تولىمۇ بىمەنە، كۈلكىلىك بىر قىلمىشتۇر. سەن كىمنىڭ بالىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سەندە ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت بولمىسا، ئۇ نەسەبلەر ۋە جەمەتلەر بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە سەن ئۈچۈن قىلچىمۇ پەخىرلىنىش ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئەجدادلار بىلەن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، ئەمما سەن ئۇنىڭ ئىزىنى باسمىساڭ بولمايدۇ... ئۇلارنىڭ مىراسلىرىنى داۋراڭ قىلىپ، پەخىرلىنىپ قويۇشلا مەسلىنى

www.uyghurkitap.com

ھەل قىلالمايدۇ. ئۇلارغا ۋاپادارلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ئەمما شەرەپلىك يۈك!

«مەن پالانى باينىڭ نەۋرىسى... پوكۇنى ئۆلىمانىڭ چەۋرىسى... ھەزرىتى پالانى غوجام بىزنىڭ بوۋىغا ئىلتىپات قىلىپتىكەن، نەزەر سېپتىكەن...» بۇنداق گەپلەر كىمگە خۇشياقىدۇ؟ كىشىلەر ساڭا قارايدۇ! سەن شۇ باي بوۋاڭدەك ئىقتىسادىڭنى يۈكسەلدۈرەلىدىڭمۇ؟ بايلىقىڭ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، ئېتىقادىڭغا ۋاپا قىلىپ، باشقىلارغا مىس موچەنلىك ياردەم قولۇڭنى سۇندۇڭمۇ؟ سەن شۇ ئۆلىما بوۋاڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاۋۋال قەلبىڭگە، ئاندىن خەلقىڭگە مەرىپەت چىرىغىنى ياندۇردۇڭمۇ؟ بوۋاڭنىڭ چالا قالغان ئىلىملىرىنى تولۇقلاپ، مەنىۋى جاھالەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشتىڭمۇ؟...

## 26. سۆھبەت ۋە پاراڭ قائىدىسىگە رىئايە قىلماسلىق

سۆھبەت قائىدىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش نۆۋىتىدە ئادەمنى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن. ئەكسىچە بولغاندا ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن، مەدەنىيلىك ۋە ئىلمىيلىك كىشىنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، سۆھبەت قائىدىسىگە دىققەت قىلماسلىق زور ئەخلاقسىزلىقتۇر، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىق مۇنداق كۆرۈنۈشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. 1 - باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ «بېلىگە تېپىۋېتىش.» 2 - قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماي كەتمەسلىك. 3 - سۆزلىگۈچى گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە ئۇنىڭ خاتا سۆزلىرىنى تۈزىتىپ كېتىش. 4 - باشقىلارنىڭ سۆزىنى نەق مەيداندا ئۈزۈپلا يالغانغا چىقىرىش. 5 - قولىنى شىلتىپ گەپ قىلىش. 6 - قارشى تەرەپنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش. 7. چالۋاقاپ سۆزلەش. 8 - سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنىلا ماختاش. 9 - باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلماسلىق. 10 - سورۇنغا ياراشمايدىغان تېمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش. 11 - قوپال گەپ قىلىش. 12 - سەت گەپ قىلىش. 13 - سەۋەبسىز ئاۋاز كۆتۈرۈپ گەپ قىلىش. 14 - تېمىدا چەكتىن ئېشىپ چوكقۇرلاپ كېتىش. 15 - سۆھبەت جەريانىدا جېدەل - ماجىرا قىلىش.

سۆھبەت تىل بىلەن، ئېغىز بىلەن بولىدۇ. تىل قانچە ھەرىكەت قىلسا دىل (قەلب) شۇنچە سۆيۈنىدۇ. شۇڭا بەزى ئادەملەر مەلۇم گەپلەرنى قىلالمىغىنىغا تىت - تىت بولۇپ كېتىدۇ، تىلنىڭ خەتىرىنى پەقەت جىم تۇرۇپ يەڭمىسە، يەنە ۋاتىلداپ خەتەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قالايمىقان سۆزلەپ كېيىن ئۆزرە ئېيتقاندىن جىملا تۇرغان بەك ياخشىدۇر. تىل چۈشەنگەن ئادەمگە ئەڭ كاتتا دەسمايە بولۇپ، ئۇنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە زىيان تارتىپ قالىدۇ. شۇڭا قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئۆز قىممىتىنى ساقلاش كېرەك.

لوقمان ھەكىمدىن: «سىز بۇ مەرتىۋىگە قانداق يەتتىڭىز؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «يېتەرلىكتىن باشقىنى سورىمىدىم، مۇناسىۋەتسىز گەپ قىلمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

يەنە لوقمان ھەكىم داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇ ئادەم تۆمۈردىن ساۋۇت ياساۋاتقان ئىكەن، لوقمان ھەكىم ئۇنىڭ نېمە ياساۋاتقانلىقىنى بىر سوراپ باقماقچى بولۇپتۇ - يۇ، ھەكىملىكى ئۇنى سوراشتىن توسۇپتۇ، داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئىشنى تۈگىتىپ، ساۋۇتنى كىيىپ بېقىپ: «ئۇرۇشقا تازا باب ساۋۇت بولۇپتۇ - ھە؟» دەپتۇ. لوقمان ھەكىم بولسا: «شۈك (جىم) تۇرۇش ھېكمەت! بۇنى قىلالايدىغان ئادەم بەك ئاز» دەپتۇ.

تىل ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئويلىماي قىلغان بىرەر ئېغىز گەپ ۋاقتى كەلسە گەپ قىلغۇچىنىڭ بارلىق سىر - ئەسرارلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ھەتتا جېنىغىمۇ زامىن بولىدۇ؛ خۇددى جامائەتنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ قالغان ئادەمدەك رەسۋا قىلىۋېتىدۇ، گەپنى جىق قىلىش خاتالىقنى زىيادە قىلىدۇ، تىل تېيىلسا ئادەمنى موللاق ئاتقۇزۇش جەھەتتە پۇت تېيىلغاندىن يامانراق موللاق ئاتقۇزىدۇ...

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس سىرلىرى بولىدۇ گاھىدا بۇ سىرلار ئىچ - ئىچىمىزدە ماگمىدەك قىزىپ قايناپ، بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدۇ، بىز يېقىنلىرىمىزدىن بىرنى تېپىپ بۇ ماگمىنى ۋولقان قىلىپ ئېتىلدۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن سىرلىرىمىز ھېلىقى يېقىنىمىز تەرەپكە ئاقىدۇ، سىرلار خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى يېقىنىمىزغا بېرىمىز، ئۇ خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ. بىزنىڭ خاراب ھالىمىزغا ۋاقىتلىق ھېسداشلىق قىلىدۇ، غەملىرىمىزگە شېرىك بولغان قىياپەتكە كىرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تۆكۈۋاتقىنىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلمەسكە سالىدۇ. ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆز پۇتىمىزغا پالتا چېپىپ تۇرۇپ، يەنە باشقىلاردىن رەنجىيمىز... ئەخمەقلىق شۇنچىلىك بولسا يېتەرلىكتۇ؟ ئىككى ئادەم بىلگەن ئىشنى قانداقمۇ سىر دېگىلى بولسۇن؟! بىز سىرىمىزنى ئامانەت قويىدىغان ئادەملەرگە قانداقراق شەرت قويۇشىمىز كېرەك؟ بىز ساقلىيالمىغان سىرنى باشقىلار قانداق ساقلار؟ سىرىمىزنى ئاشكارىلاپ قويغۇچىغا نىسبەتەن قانداقراق پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز كېرەك؟ سىرىمىزنى ساقلايدىغانغا ئىشەنچلىك بىرەرنى تاپىمىزمۇ - قانداق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشمۇ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

تىلنىڭ يەنە بىر ئاپىتى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش.

مېنىڭچە ئادەمنىڭ جىم تۇرغۇسى كېلىپ كەتسە گەپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشى لازىم، گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتسە شۈك تۇرۇۋېلىشى ئاقىللىقتۇر، چۈنكى شۈك تۇرۇش ئىشتىياقى قوزغالغاندا ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ئېغىر - بېسىق ھالەتكە ئۆتكەن بولىدۇ، گەپ قىلغۇسى كەلگەندە بولسا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى يەڭگىللىك باسقۇچىغا كىرگەن بولىدۇ. بۇنداق چاغدا گەپ قىلىش ئادەمنى تېزلا خاتالاشتۇرۇپ قويىدۇ.

## 27 - ئاتا - ئانىغا ناچار مۇئامىلە قىلىش

گاھى پەرزەنت ئاتىسىنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىۋېتىدۇ، مېنىڭچە، ئاتا - ئانىغا ناچار مۇئامىلە قىلىشنى ئاددىيلا قىلىپ ئەخلاقسىزلىق دەپ تونۇگتىش بەكلا يۈزەكىلىك بولۇپ قالىدۇ... بۇنى ئايرىم بايان قىلماي دەپ ئەخلاقسىزلىق بابىدىن چىقىرىۋېتىشىمۇ تازا توغرا ئەمەس... شۇڭا بۇ ھەقتە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

سىگنالى ياخشى ئىشلەيدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، ئاتا - ئانا پەرزەنتكە ئەڭ كۆپ ئاتا قىلغۇچىدۇر... بىچارە ئانا ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، بۇ جەرياندا نۇرغۇن چارچاپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئازادىلىكىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بالىسىغا بېرىۋېتىپ، بالىسىنىڭ ساق - سالامەت دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، مىڭبىر جەبىر - جاپا بىلەن ئۇنى تۇغىدۇ... كېچىلىرى بالىسى ئۈچۈن ئۇيقۇلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىرى، يۇيۇپ - تازىلاپ، ئېمىتكەنلىرى... قايسىنى دەپ بولۇش مۇمكىن؟ ... دادىچۇ؟ ئۇمۇ بالىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئالەمچە خۇش بولۇپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئەركىلىتىپ - سۆيۈپ، ئانا - بالىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، چارچاپ، ئائىلە ۋە شۇ بالىسى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن ۋاز كەچمەيدىغان روھ بىلەن ئىزدىنىدۇ...

«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر» دەيدۇ ئەجدادلىرىمىز، ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قېلىش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماستىن، ئەكسىچە يامانلىق قىلغان مەخلۇقنى ئادەم دېيىش مۇمكىنمۇ؟! شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئادەم ئۆز ئاتا - ئانىسىغا قانچىلىك ياخشىلىق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايدۇ...

## 28. ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە ناچار مۇئامىلە قىلىش

ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، قويۇق ئالاقە مىللەتنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ؛ ئەخلاقسىزلىق ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىنى بۇزغاندا پەقەت پالانى ئاخۇن بىلەن پۇستانى خانىنىڭ ئارىسىنى بۇزمايدۇ، بەلكى مىللەتنىڭ ھەممىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ شۇنداق قىلىپ قويۇپتىمەن» دەپ قويۇشلىرى بار ئۆيىنى بۇزغان ئەرلەر ياكى خوتۇنلار...

ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەت ئالاقىسىنى چىڭىتىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل بار: بىرى ئائىلىگە مۇھەببەت ۋاسىتىلىرىنى چىلاپ كىرىش، يەنە بىرى ئىختىلاپ (زىددىيەت) ئىللەتلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش.

يىگىت - قىزلار توي قىلىشتىن ئىلگىرى «ۋاي! بۇلبۇلۇك بولاي، ۋاي! قۇرغۇيۇك بولاي...» دېيىشىپ، تويىنى قىلىۋالغاندىن كېيىنلا بىر - بىرىگە زەھرىنى چېچىشسا، ئازراقلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۆرۈلسە دەرھال جېدەل - ماجىرا قىلىشسا، بىر - بىرىنىڭ تۇغقانلىرىنى يات كۆرۈشسە، بىر بالىنى ئوڭشاپ باقالماي، بىر - بىرىگە سېلىق سېلىشسا... جېدەللەر ئاۋۇسا، تۈگىمىسە... بۇ ئائىلىنى قانداقمۇ بەختلىك ئائىلە دېگىلى، بۇ ئەر - خوتۇننى قانداقمۇ ئەخلاقلىق ئادەملەر دېگىلى بولسۇن؟...

ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ زىيىنىنى شۇ ئېقى كېلىشمىگەن بىر جۈپلەرلا تارتىپ قالماستىن، ئۇنىڭ يامان تەسىرىگە شۇ ئائىلىدىكى باشقا ئەزالار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇچرايدۇ...

ئەر - ئاياللار توغرىسىدىكى پارىڭمۇ بىر پاراڭ! بەك قىزىق پاراڭ، مۇھىم پاراڭ، جىددىي پاراڭ، مۇرەككەپ پاراڭ... بۇ ھەقتە مەخسۇس ماتېرىياللار يېتەرلىك بولغاچ، بىز پەقەت ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ناچار مۇئامىلىلەرنىڭ زور ئەخلاقسىزلىققا ياتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 29. خىزمەتچى خادىملارغا ناچار مۇئامىلە قىلىش

خىزمەتچى خادىملارغا ناچار مۇئامىلە قىلىش ئەلۋەتتە ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ. بىراۋنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىش - تارىختىن بۇيان بولۇپ كېلىۋاتقان ئەقەللىي زۆرۈرىيەت! ‹غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى› دېگەندەك، ھەر بىر باشقۇرغۇچى ئەمەل - مەنسەپ جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. باشقۇرغۇچى قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرالىغان سەۋەبتىنلا ئۇلارغا قوپاللىق قىلسا، بوزەك ئەتسە بۇ باشقۇرغۇچىنىڭ تولىمۇ ساپاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇرمۇش رەھىمسىز... بوش تۇرغان ئادەمنىڭ ھالى قانداق بولۇپ قالىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەش ھاجەتسىز؛ مانا شۇ رەھىمسىز ئەمما تولىمۇ تاتلىق تۇرمۇش ھەممىمىزنى ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن كىچىكمىزدىن بىلىم ئالىمىز، تەجرىبە توپلايمىز، ئىزدىنىمىز. جانغا ئەسقاتىدىغان بىلىم ئىگىلىسەككۇ تەلىيىمىز! ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ھالىمىزغا ۋاي! يەنە ياشىماي بولمايدۇ، يەنە ئىشلىمەي بولمايدۇ... «تۇرمۇش» ناملىق ھارۋىنىڭ شوتىسىغا كىردۇقمۇ، ئۇنى خالاپ - خالىماي تارتماقتىن باشقا ئامال يوق.

ئۆزىمىز مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىسەككۇ باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن سەل - پەل خالىيراق ئىشلەيمىز؛ ئەمما باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قالساق، ئۇچۇقراق ئېيتساق باشقىلارغا ئىشلەپ قالساق، ياكى باشقىلارنى ئىشلىتىپ قالساق، بۇ ھالەتتە بىزدە چوقۇم ئەخلاق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك! خىزمەتچى خادىملار بىلەن بولغان خىزمەت مۇناسىۋىتىگە چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك! ئەگەر باشقىلارنى ئىشلىتىپ قالساق، ئىشلىگۈچىلەرنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا گاھىدا ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىنى، چارچايدىغانلىقىنى، شۇنداق بىر قىلغۇسى كەلمەي قالىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك! ئەگەر باشقىلارغا ئىشلەپ قالساق، باشقۇرغۇچىلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئادەمنى ئادەم شۇنداق باشقۇرمىسا چاتاقنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى، باشقۇرغۇچى شۇنچىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىز كېرەك!

بايقىساق بىزدە خىزمەت پۇرسىتى ئاز ئەمەس، بۈگۈنكى يەر شارىدا، شۇ خىزمەت پۇرسىتىنى تاپقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىشلەتكۈچى، يەنە بىر قىسمى ئىشلىگۈچى بولۇپ، ئىككى توپقا ئايلانغان ھالەتتىكى، بىر-بىرىگە بولغان سەممىيىتىدە قالدى. ‹مەن باشقۇرغۇچى بولغاندىكىن...› دەپ، خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەتچى خادىملارنى قانۇن - تۈزۈم، سىياسەت - فاڭجېنلارنىڭ سىرتىدا تازا بىر باشقۇرۇۋالغۇسى كېلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، بوزەك قىلىدىغان بىر قىسىم ساپاسىز، ئەخلاقسىز باشقۇرغۇچىلار ئىنساب قىلىشى، ئويلىنىشى، شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ، ئۆز خىزمەتداشلىرىنى بولۇشىغا قىستىماسلىقى، ‹دوپپىسىنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشىنى ئېلىپ› كەلمەسلىكى لازىمدۇر. «مەن ئىشلىگۈچى بولغاندىكىن...» دەپ، تۈزۈلمە ۋە سىياسەتلەرگە بويسۇنمايدىغان، باشباشتاقلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا چۈچۈلۈق قىلىدىغان نائىنساب خىزمەتچى خادىملارمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتقا كېلىپ، قوشالغۇدەك تۆھپە بولسا قوشۇپ قويسا، بۇ تۆھپىنىڭ ھەممىگە، بولۇپمۇ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى زۆرۈردۇر.

كارخانا باشقۇرغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرمۇ ئىلمىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ساپاسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئادەم باشقۇرۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى بەكلا مۇھىمدۇر.

بىرقانچە مىڭ سومغىلا نامى ئۇلۇغ بىر شىركەتنى قۇرۇۋېلىپ، خېرىدارلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئالداپ، باشقىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتقا «يېڭى چاپان» كىيدۈرۈپلا بازارغا سېلىش بىر پاجىئە! بىز ئەخلاقسىزلىق. بۇ بىچارە شىركەتلەر پايدا ئالالماي قالسا، سۇغا چۆشكەن چاشقاندەك بولۇپ، پايدا ئالسا سۆگەك تالاشقان ئىتتەك قىلىشىپ كەتسە بولمايتتى. تازا راۋاجلىنىۋاتقان شىركەتنى «بۆلۈشىمىز، پايدىنى سەنلا ئالامسەن؟...» دەپ، ئىختىلاپ قىلىشمىسا ياخشى بولاتتى. ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ نەقەدەر بەختكە سازاۋەر قىلىدىغانلىقىنى بىلسە بولاتتى...

دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ پۇلىنى بەرمەي، بوزەك قىلغان ئىنسابسىزلارمۇ ئەخلاقسىزلاردۇر. شۇنىڭدەك، مەن راست دېھقان، يۇرتتىن پۇل تاپقىلى چىقتىم دەپ ئېتىز بېشىدا ئۇخلاپ، دېھقاننى، يەرنى، ئۆزىنى ئالدىغان ئىشلەمچىمۇ ئەخلاقسىزدۇر.

تېز تاماقخانا خوجايىنلىرىنىڭ ئاشپەزلىرىنى ئارقا ئۆيگە سولىۋېلىپ تازا ئۇرۇشى، نان بەرمەي قىينىشى، ھەتتا نەچچە كۈنلەپ سولاپ قويۇشلىرى زور ئەخلاقسىزلىق بولغاندەك، ئاشپەزلەرنىڭ قىش كۈنلىرى مەن ئاشپەز دەپ، يېمەك - ئىچمەك تەل جايىدا قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ياز كەلگەندە، بازار ئەمدى ئېچىلغاندا، ھېچنېمىگە قارىماي قېچىپ كېتىشلىرى، قولىدىكى چۆمۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خوجايىن كۆرمىگەندە دوست - يارەنلىرىگە ئوغرىلىقچە ھەقسىز تاماق بېرىشلىرى، پولۇ ئاستىغا گۆش بېسىپ، سۆيگىنىنى مېھمان قىلىشلىرى ئاجايىپ ئەخلاقسىزلىقتۇر.

تاللا بازار خوجايىنلىرىنىڭ «يېنىك خىزمەت» دېگەن باھانە بىلەن خىزمەتچى خادىملارنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق بەرمەسلىكى، ھە دېسە مائاش تۇتۇپ قېلىپ خىزمەتچىلەرنى قىينىشى ئەخلاقسىزلىق بولغاندەك، خىزمەتچى خادىملارنىڭمۇ «تاغار بايىنىڭ، ئېشەك بايىنىڭ، يېقىلسا يۈلمەيمىز» دەپ خوجايىن بار يەردە بىر خىل، يوق يەردە يەنە بىر خىل بولۇۋېلىشى؛ خېرىدارلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ، بازارنىڭ ئومۇمىي تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشى؛ باي، ياش، كېلىشكەن خېرىدارلارنىڭ مۇلازىمىتىنى بەجانىدىل قىلىپ، ياشانغان، مېيىپ، كىچىك خېرىدارلار بىلەن كارى بولماسلىق؛ ئىندەككە كەلمىگەن خوجايىنلىرىغا ئازار قىلىشلىرى... تېخىمۇ زور ئەخلاقسىزلىقتۇر.

قاتناش ساقچىلىرىنىڭ خالىغان ماشىنىلارنى توسۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىپ،

قانۇنسىز ھەق ئېلىشلىرى ئەخلاقسىزلىق بولغىنىدەك، شوپۇرلارنىڭمۇ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلماسلىقى جىنايەت بولۇش بىلەن بىرگە ئەخلاقسىزلىقتۇر.

ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ مۇھىم خىزمىتىنى تۇتۇپ، مائاشىنى نەق ئېلىپ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئارىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماي، بىر پۇقرا دەرد ئېيتىپ كەلسە، ئۇنىڭدىن ھال سورىماقتا يوق، ئەكسىچە، ئۇنى قاتتىق ـ سوقتى قىلىدىغان ئىنسابسىزلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. پارتىيە ئىشەنگەن، خەلق ئىشەنگەن، ئەمما ئۇ ئۆزىدىن باشقىغا ئىشەنمىگەن ئۇنداق كادىردىن پارتىيە ـ ھۆكۈمەتمۇ، خەلق ئاممىسىمۇ ئەلۋەتتە نارازى!

## 30. دوستلار ھەققىنى سەل چاغلاش

ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىپ بەكمۇ تەستە ئېرىشىدىغان ھاسىلاتلىرىنىڭ بىرى چىن دوست.

ھەقىقىي مەنىدىكى دوستلۇقنى تەرىپلەشكە ئىنسان تىلى راستىنلا ئاجىزلىق قىلىدۇ. دوستلۇق ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ بەك كۆپ، ھەتتا بۇ ھەقتە توم ـ توم كىتابلار، قەسىدە ـ داستانلار، ھېكايە ـ رومانلار، مۇخەممەس ـ رۇبائىيلار... مۇ يېزىلغان. ياخشى دوست، يامان دوست، ھەقىقىي دوست، ساختىپەز دوست، غەرەزلىك دوست، غەرەزسىز دوست... دېگەندەك ھەر خىل نۇقتىدىن ھەر خىل تەقسىملىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ دوستلۇققا ئېرىشمەكچى بولغان كىشى چوقۇم شۇنىڭغا لايىق بەدەل تۆلىشى كېرەك بولىدۇ، دوستلۇق دەۋاسىنى قىلىپ قويۇپ، ھە دېسە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، دوستلۇققا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئادەمنىڭ دوستىمۇ بولمايدۇ. چىن مەنىدىكى بىرەر دوستىمۇ يوق ئۆتكەن ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ بىر بىچارە ھاياتتۇر.

قانداق دوستنى ياخشى دوست دەيمىز؟

دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ھاراقكەش دوست ئىزدىسە چوقۇمكى «ھاراق كۆتۈرەلەيدىغان بولۇش» نى دوستلۇق شەرتلىرىگە ئاساس قىلمىسىمۇ، قوشۇمچىسىگە قىستۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. توغرا ئېتىقادقا چاقىرىپ، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئادەم بىلەن ئوغرى ـ قىمارۋازلارنىڭ چىقىشىپ ئۆتۈشى ناتايىن.

بىرەيلەن بىر ھۆكۈمادىن: «ھەقىقىي دوستنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ھۆكۈما: «ئۇ سورىسا بەرمەي، سەن سوراپ باق، ئەگەر بەرسە ئۇ سېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ، ئەگەر بەرمىسە خۇداغا ئامانەت» دەپتۇ.

كىشىلەر دوستلۇقنى بىر دەرەخكە ئوخشىتىشىدۇ، دەرەخ ئىككى تەرەپتىن تەڭ تىكىلگەنىكەن، ئۇنى چوقۇم ئىككى تەرەپ ئورتاق پەرۋىش قىلىشى كېرەك! «ۋاي دەرەخنى بىللە تىكىلى، مەن زادى سىلى بىلەن بىر دەرەخ تىكىدىغان خىيالىم بار ئىدى» دەپ قويۇپلا، دەرەخنى پەرۋىش قىلماي، ئوغۇت تۆكمەي، داۋاملىق قارشى تەرەپنىڭ پەرۋىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ــ دوستلۇق دەرىخىنى كۆكلەتمەيدۇ، ئەكسىچە قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

دوستلار ئۈچۈن كۆڭلى ـ قارنىنى كەڭ تۇتۇش، ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپاغا چىداشلار دوستلۇقنىڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيەتلىرىدۇر. پۇلغا، ھوقۇقىغا، خوتۇنىغا، قىزىغا... ئىشقىلىپ بىرەر مەنپەئەتكە دوست تارتىدىغان نائەھلىلىك ــ بىر پۈتۈن جەمئىيەتكە، بەلكى ئومۇمىي مىللەتكە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ! ئۇ شەخس نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئومۇمىي جەمئىيەت، مىللەت نۇقتىسىدىن تولىمۇ زۆرۈر.

دوستلۇق دەرىخىنىڭ غۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دوستقا ۋەدە قىلىپ، كېيىن ۋاپا قىلالماسلىقدۇر. بۇ ھەقتىكى قىسسە ـ رىۋايەتلەر، ناخشا ـ قوشاق، رۇبائىيلار تولا.

دوستلۇق شۇنداق زىللىق بىلەن ئاسرىلىشى كېرەككى، ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە ھايا بىلەن باقىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىغان بولۇشى كېرەك، بىر ـ بىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماnلىقتىن توسايدىغان بولۇشى زۆرۈر، تاماكا ئالسا، سەرەڭگە يېقىپ بېرىدىغان، پاھىشىۋازلىق قىلسا ماراپ بېرىدىغان دوستنى ـ دوست ئەمەس، دۈشمەن دېگۈلۈك! ھالاكىتىڭگە مەدەت بەرگۈچى قانداقمۇ دوستلۇققا يارىسۇن؟!

دوستلۇق دەرىخىنىڭ مېۋىلىشىنى تېزلىتىدىغان بىر ئامىل ــ دوستنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرمىسۇن ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىك! بۈگۈنكى كۈندىكى دوستلارغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئاددىي مەنپەئەتلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ قويۇپچۇ ــ قېنى، بولدى! سىزگە بىر ئېغىز گەپ قىلمىسىمۇ، چىرايلىرى سارغىيىپ، كۆكىرىپ، تاتىرىپ، ئۆتۈپ شۇنداق چاندۇرىدۇكى، «كاچىتىمغا بىرەر ـ ئىككى تەستەك سېلىۋەتكەن بولسا كاشكى!» دەپلا قالىسىز.

دوستلۇقنى قوغدايمەن دېگەن ئادەمنىڭ دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىشى ــ چوقۇم دوستنىڭ گەپ ـ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماسلىقمۇ دەل ئەخلاقسىزلىقتۇر.

دوستقا ھەسەت قىلىش، دوستقا ئاداۋەت ساقلاش ــ ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئەخلاقسىزلىقتۇر، سىنماي تۇرۇپ دوستلۇق دەۋاسى قىلىش بولسا ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىقتۇر. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بۇ مەزمۇن تولىمۇ كەڭ بايان قىلىنغان. دوستلۇق دەۋاسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەردلىرىگە چىداش كېرەك، چىدىماسلىق قىلىپ دۈشمەننى كۆپەيتىۋالماسلىق كېرەك،

چۈنكى، ئادەمنىڭ ساختا دوستى كۆپ بولغاندىن دوستسىز ئۆتكىنى ياخشىراقتۇر.

ياخشى دوستقا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى قەدىرلەش كېرەك، دوستلۇققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق گەپ-سۆز، ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك. ئۇنداق دوستلارغا كەمتەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق كېرەك.

دوستلۇق شەرتىگە توشىدىغان دوست تېپىش بىر مەسىلە بولسا، شۇ دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يەنە بىر مەسىلىدۇر، بىرەيلەن بىر ئالىمدىن: «قانداق قىلغاندا دوستلۇقنى ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «دوستقا بەر، ئەمما ئۇنىڭدىن تاما قىلما، ئۇنىڭغا ئىنسابلىق بول، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنساب كۈتمە، ئۇنى ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلىگەندىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتلە» دېگەنىكەن.

بىزدە شۇنداق بىر ئادەت بار: ئازراق تونۇشۇپلا قالساق، «ۋاي» دەپ، كۆڭۈل - كۆكسىمىزدىكىنى تۆكۈپ، بىردەمدىلا قىيامەتلىك دوست بولۇپ كېتىمىز. قارشى تەرەپتىن بىرەر مەنپەئەتنىڭ شەپىسى كەلمەي قالسا، يەنە بىردەمدىلا ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىمىز-دە، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلايمىز. ئەگەر ئۇ نامرات بولۇپ قالسا قاراپمۇ قويمايمىز. مانا شۇنداق ھاياتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەپلىرىدە تۇتۇرۇقسىز ئۆتۈپ، كۆڭلىمىزنىڭ ناھايىتى تېزلا تۈگەپ كېتىۋاتقىنىنى كېچىككىچە ھېس قىلمىمىز. ھوقۇق بار چاغدا، ياتقا ئەمەس، دوستقا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرمىگىنىمىزگە، پۇل بار چاغدا، خەققە ئەمەس، غېرىب بىر تۇغقىنىمىزغا ئازراق مەدەت بەرمىگىنىمىزگە، بېرىۋېتىپ ئەمەس، بېرىپ تۇرمىغىنىمىزغا قاتتىق پۇشايمان قىلىمىز بىراق، ۋاقىت — ئاققان سۇ، ئاتقان ئوق! ھوقۇقتىن، پۇلدىن ئايرىلغاندا بۇلارنى كېچىككىچە ھېس قىلىمىز.

دوستنىڭ سىرىنى ساقلىيالماسلىقمۇ زور ئەخلاقسىزلىق! بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق. شۇڭا قەدىمكىلەر «ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى سىرلارنىڭ قەبرىلىرى» دېگەنىكەن، دوستقا دوست بىرەر مەخپىيەتلىكنى ئېيتقاندا، چوقۇم «ئۇنى ئېسىمدە مەڭگۈ ساقلايمەن» دېمەستىن، چوقۇم «ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىم» دېيىشى كېرەك.

دۇنيالىق ئىشلاردا دوست بىلەن تالاش - تارتىش قىلماسلىق ۋە ئىشلاردا دوستلارغا مەسلىھەت سېلىشمۇ گۈزەل ئەخلاقلار قاتارىدىندۇر.

دوستلۇق — ئاجايىپ بىر تىما! ئۇ گۈزەللىكى بىلەن، كەڭلىكى بىلەن، چوڭقۇرلۇقى بىلەن، مۇرەككەپلىكى بىلەن... بەك چوڭ تېما!

دوستلۇقنىڭ ئوبيېكتى ھەر خىل بولىدۇ، ھەر خىل ئوبيېكتلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقاندا ئوخشاشمىغان شەرت-شارائىت ۋە ئوخشاشمىغان ئىمكانىيەتلەرگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن. بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئاددىيلىقى بىلەن ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان بۇ قىسقا ماقالىدا قانداقمۇ بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن؟! بۇنى پەقەت پىرىنسىپاللا بايان قىلىش ئاقىللىقتۇر.

ئەخلاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، تەبىئىي يارالمىش ئەخلاق، يەنە بىرى، تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن (يارىتىلغان) ئەخلاق، تەقسىمات ئاتالغۇسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئالدىنقىسى، ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان ئەخلاق بولسا، كېيىنكىسى ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئەخلاقتۇر. بۇ خىل ئەخلاقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئىنسان چوقۇم تىرىشىشى ۋە ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشى لازىم، ھەممىدە ئۇنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكىنى چوقۇم ھېس قىلىشى كېرەك، بۇ خىل ئەخلاقتا مەزكۇر ئەخلاقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈش پەرقلىرىگە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك ئەخلاقسىزلىقمۇ بىر خىل ئىللەت، بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ئىللەتنىمۇ پەيدا قىلىدىغان تۈرلۈك سەۋەبلەر بولىدۇ، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئاساسلىقى:

## 1. ئىنسان تەبىئىتى

بەزى ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا ناچار تەبىئەتلىك بولىدۇ؛ بەلكىم بۇ ئىرسىيەتتىن قالسا ۋە ياكى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، يا چىرايىدىن سوغۇقلۇق-مۇز، نەپرەت، ئاچچىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ياكى قىلىقى شۇنداق سەت، سوغۇق نەپەس، قىلغان ئىشىنىڭ بىرىمۇ ئادەمگە ياقمايدۇ... ئېھتىمال بۇلارنىڭ كۆڭلى شۇنداق ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ھېلىقىدەك چىراي، ئەنە شۇنداق قىلىقلىرى بىلەن تەبىئىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، «ئەخلاقسىز» دېگەن نامغا قېلىۋېرىدۇ...

## 2. مۇھىت ياكى جەمئىيەت

مۇھىتنىڭ ئادەمگە تەسىر قىلىشىدا گەپ يوق! ئادەمنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى مۇھىتى ئەلۋەتتە ئائىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي شەكىلدە تەربىيەلىنىشىگە ئائىلىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ؛ بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى ئائىلىدۇر؛ جەمئىيەت ۋە مەكتەپ كېيىنكى ئۇستازلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بالىلارنىڭ توغرا بولغان ئەخلاق يۆنىلىشىنى ئومۇمەن ئاتا - ئانا بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ئەخلاقسىز بالىلارنى جەمئىيەتكە تەقدىم ئەتكەن ھەر قانداق ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، خاتالىقنى تۈزىتىشكە تىرىشىشى زۆرۈردۇر.

www.uyghurkitap.com

ئائىلىدىكى ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى باللار ئاسانلا ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ؛ باللارنىڭ تەق ـ تۇرقى ئاتا ـ ئانىدىن ئىرسىيەتلىك مىراس قالغاندەك، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىمۇ باللارغا ئىرسىيەت شەكلىلىك يۇقىدۇ. ھايۋاناتتىكى نەسلىنى ياخشىلاش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىستەكلىرى ھايۋاناتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈندۇر؛ بۇ ئىلمىي ھەقىقەت ئائىلىدا ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق ئەمەلىيەتتە تۇغۇلماقچى بولغان پەرزەنتلەرگە كۆيۈنمەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادالەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن داڭق چىقارغان مەشھۇر خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بىر كۈنى: «ئەي ئوغلۇم! سىز تۇغۇلغاندىن كېيىنغۇ سىزگە ئاجايىپ كۆيۈنگەنمەن؛ سىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ سىزگە ھەقىقەتەن كۆيۈنگەنمەن» دەپتۇ. خەلىپە: «ئەي دادا! تۇغۇلغىنىمدىن كېيىن كۆيۈنگىنىڭىزگە قىل سىغمايدۇ، بىراق مەن تۇغۇلغىچە سىز قانداق كۆيۈنگەن؟» دەپ سوراپتۇ. دادا: «ئەي ئوغلۇم! ئانىڭىزنى ياخشى يەردىن ئالغانمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدىكى ھەر خىل ياش ۋە جىنستىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق كوچىسىغا كىرىپ قېلىشىغا يەنىلا ئەتراپتىكى مۇھىت تەسىر قىلىدۇ. خىزمەتدىشىدىن ئۆگىنىۋالغان يامان قىلىقلارنى شۇ ئادەم ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىنى ھەپتە ئارىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىشقا تونۇشتۇرىدىغىنى يەنىلا شۇ قىزلارنىڭ ساۋاقدىشىكەنغۇ! «دوستىڭىزنىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقىڭە!» دېگەن ئىلتىماس خاراكتېرلىك بۇيرۇققا يەنىلا شۇ قىز دوست ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنىدىكەنغۇ!.

پەزىلەت ۋە ئالىيجانابلىق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە چوقۇمكى، پەزىلەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشىلەر كۆپ بولۇشى كېرەك.

## 3. زۇلۇم

زۇلۇم ــ بىزگە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەسلىدە ‹مەلۇم نەرسىنى قويۇشقا تېگىشلىك بولمىغان جايغا قويۇپ قويۇش› نى كۆرسىتىدۇ؛ ئورۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئادەمنى ئۇرسا ياكى تىللاشقا تېگىشلىك بولمىغان ئادەمنى تىللىسا ‹مەن بوزەك قىلىندىم› دەپ قارىشى مانا شۇ سەۋەبتىندۇر. زۇلۇم قىلغۇچى ئەلۋەتتە «زالىم» ئاتىلىدۇ، زۇلۇم قىلىنغۇچىچۇ؟ ئۇ ئادەتتە «مەزلۇم» دېيىلىدۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «مەزلۇم» ئاتىلىشىنىڭمۇ لۇغەت مەنىسى بىلەن ئەلۋەتتە زىچ مۇناسىۋىتى بار؛ ئەگەر ئۇيغۇر ئاياللىرى «مەزلۇم» بولسا، ئۇلارنىڭ «زالىم» لىرى كىم؟ بۇمۇ بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

دېمەك، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ھەقلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ئېنىقكى، بىر زۇلۇمدۇر.

زۇلۇمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش... دېگەندەك تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا ئاقىۋىتى خەتەرلىك. زۇلۇمنىڭ ئەكسى بولغان ئادالەتنىڭ نەتىجىسى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ئالىم «زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك، ئادالەتنىڭ نەتىجىسى شەرەپلىك» دېسە، ئۇنىڭ شاگىرتى «ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئەسلىي ـ ئاساسى ئىلىم ۋە ئادالەت، بارلىق يامانلىقلارنىڭ تۈپ يىلتىزى زۇلۇم ۋە نادانلىق» دەيدۇ.

ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، خىيانەت قىلىش؛ پارا ئېلىش، سىياسەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش؛ تۆۋەننى بوزەك قىلىپ، يۇقىرىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىش؛ يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش؛ كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش؛ تېررورلۇق قىلىش؛ قەرز ئېلىۋېلىپ قايتۇرماسلىق؛ قەدىناس ئاياللىنىڭ «پادا بېقىشقان» چاغلىرىنى ئۇنتۇپ «غولىغا ئاپتاپ ئۆتۈپ»، «ياڭاق تەرگەن» دە ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىش؛ بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغان ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلارغا ئالىيىپ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، باشقىلارغا تەخسىكەشلىك قىلىش؛ پەرزەنتلەرنى بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرۈش؛ گۇناھسىزغا جىنايەت بېكىتىش؛ زۇلۇمنى ــ بوزەك قىلىنغاننى ياكى قىلغاننى كۆرۈپ تۇرۇپ، مەزلۇمغا (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا) ياردەم قىلماسلىق... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا زۇلۇم! مەيلى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش بولسۇن، مەيلى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش بولسۇن، ھەممىسىلا زۇلۇم!

## 4. شەھۋانىي ھەۋەس

شەھۋانىيلىق ــ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنى كونترول قىلالماسلىقى، كۆڭۈل تارتقان ئىشنىڭ ھەممىسىنىلا قىلغۇسى كەلگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەتتە شەھۋانىيلىق دېسە، كاللىمىز دەرھال زىناغا دائىر مەيدانغا كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەقىل دېگەن باغلانچا بىلەن ھەۋەسلىرىگە نوقتا سالمىسا... بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھۋانىيلىقنى بىلدۈرىدۇ.

تارىختا ھېچكىم يەپ ئۇلۇغلۇققا يەتمەپتىكەن. بەلكى يېمەي ئۇلۇغلۇق ئىزدىگەنىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى شۇ مەقامغىمۇ يەتكىنىكەن. ئىنسانلاردىكى بارلىق كېسەللەرمۇ يېيىشتىن پەيدا بولغان بولۇپ، «مەلۇم نەرسىنى كۆپ يېمىگەچكە ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىمىدۇق، ئەخلاق كىتابلىرىدا ئادەتتە بۇ خىل شەھۋانىيلىقنى «نەپسى شەھۋانىيلىق» دەپ ئاتايدۇ، زىناغا دائىر شەھۋانىيلىقنى بولسا «فەرەج شەھۋانىيلىقى» دەپ ئاتايدۇ.

ئىنساندىكى نورمال شەھۋانىيلىق ئەمەلىيەتتە ئىنسان فىزىيولوگىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەقەززاسى بولۇپ،

ساغلاملىقتا، توغرا تەپەككۇرغا، روھقا تولىمۇ پايدىلىق بىر جەريان ئىدى، بىراق «تاۋۇزمۇ بەك پىشىپ كەتسە ھاراپ قالغان» دەك، چەكتىن ئاشقان ھەر قانداق بىر ئىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، مەسىلەن: ھەققىي سىياسىيونلار قاتتىق قول سىياسەتنىمۇ توغرا تاپالمايدۇ، سەۋەبى خەلق نارازى بولۇپ قارشى چىقىدۇ. يۇمشاق قول سىياسەتنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇزۇقلار سىياسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

بىر ھۆكۈمادىن: «ھەممىدىن ھالى خاراب ئادەم كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «شەھۋانىي غالىب، غەيرەتسىز، ئۆمرى قىسقا، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەم» دېگەنىكەن.

بۈگۈنكى ئاق ئالۋاستىنىڭ ئۇنىۋېرسال زىيانلىرى، بولۇپمۇ ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامرىشىغا سەۋەب بولۇشلىرى چەكتىن ئاشقان شەھۋانىيلىقنىڭ تىپىك مىسالى...

### 5. غەزەپ

غەزەپلىنىش — ئاچچىقلىنىش دېگەنلىكتۇر، ئاچچىقلىنىش توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق، ئۇنى ئەخلاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا ھېچكىم شۈبھىلەنمەيدۇ، ئۇنداقتا نېمە سەۋەبتىن ئادەم ئاچچىقلىنىدۇ؟ ئاچچىقلىنىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى:

**1) ئەر - ئايال ئارىسىدىكى ئىختىلاپ**

ئادەم ئەڭ ئازادە ئاچچىقلىنالايدىغان جاي — ئائىلىدۇر. ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە ئىختىلاپلار بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملىشىپ كەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئائىلىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ئاشتى، ئىناق ئەر - ئاياللار بالىسى توغرىسىدا دېيىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىزغۇ! ئىقتىسادى ئاجىز ئەرنىڭ خوتۇنى كوتولدىمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ مائاش تالىشىپ قالىدىغان ھېكايىلەر كونا ھېكايە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئاخشىمى بالدۇر ئۆيگە كىرمەيدىغان ئەر، قاتار چايلىرى تۈگىمەيدىغان ئايال... ھاراق ئىچىدىغان ئايال، ئاق چېكىدىغان ئەر... يۈزىنى مايلاپ يۈرىيدىغان ئەر، گىرىم قىلىشنى ئۇقمايدىغان ئايال... ئېتىقادلىق ئايال، ئۆزىنى يوقاتقان ئەر... لەرنىڭ ھەممىسىدە ئائىلىدە بولىدىغان ماجىرا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاچچىقلىنىش... لارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2) نامراتلىق**

نامراتلىقنى بىلەمسىز؟ ئۇ چاپلىشىۋالغان ئادەمنى پەقەتلا قويۇپ بەرگۈسى يوق، بەك چىڭ چاپلىشىۋالىدىغان بۇدۇشقاق... كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان ئالۋاستى... ئۇ شۇنداق رەھىمسىزكى، گاھىدا ھاياتنىڭ لەززەتلىرىدىن بەھرە ئالغىلى زادىلا قويمايدۇ، ئويلاپ بېقىڭ! ئۇ بار يەردە ئادەمگە خۇشاللىق كەلگىلى ئۇنامدۇ؟ ئامالسىز يۈزىمىزنى قىلىپ، ۋىجدانىمىز كۆلكە يېقىن كەلمىسە، نامرات بار يەرگە ھېچنەرسىنىڭ بارغۇسى يوق! بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك، ئادىمىلىك پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان زاماندا.

ئەتراپىتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خۇشال - خۇرام كۈلۈپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئايالى سۆيۈنگۈدەك بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ بېرىشكە قۇدرىتى يەتمىسە، بالىسىنى ئوقۇتاي دېسە پۇل بولمىسا، ئۆي ئالمىسا تېخى... مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا بىر ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قالايمىقانچىلىقتا يېتىپ ئاشىدۇ! مانا شۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسىگە ئوت تۇتىشىدۇ، غەزەپ پارتلايدۇ، جۇشەندۇرۇش، ئۆزرە ئېيتىش كار قىلمايدۇ.

**3) بوزەك قىلىنىش (زۇلۇمغا ئۇچراش)**

مەيلى باشقۇرغۇچىدىن، مەيلى مۇئەللىمدىن، مەيلى دادىدىن، مەيلى دوستىدىن، مەيلى كوچىدىكى خەقتىن ئازار يېگەن، بوزەك قىلىنغان ھەر قانداق ئادەم ئاچچىقلىنىدۇ. دەردىنى ئۆزىدىن ئالالمىسا باشقىلاردىن ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا غەزەپ ئوتى لاۋۇلدايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئىنتىقام ئوتىنىڭ يۈرىكى قېتىدا لاۋۇلدايدىغىنى ھەممىگە مەلۇملۇق بىر ئىش، بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، ئامېرىكىلىق بىر ئەسكەرنى باشلىقى داۋاملىق بوزەك قىلغاچقا، چىدىيالماي قالغان ئەسكەر بىر كۈنى باشلىقىنى ئېتىپلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**4) ھەسەت**

ھەسەت دېگەن بۇ مەرەزنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا سۆزلەندى. بۇنىڭغا مۇپتىلا بولغان كىشى ئاچچىقلىنىشلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالەتتە، ئىچى سىقىلىپ ياشايدىغان بىر ساراڭدۇر.

**5) جەمئىيەتتىكى تەبىئىي زىددىيەتلەر**

جېدەل - ماجىرا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نورمال ھادىسە بولۇپ، ھەممە دېگۈدەك بۇنىڭغا يولۇقۇپ قالىدۇ، كۆز قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى، مىجەز - خۇلقنىڭ كېلىشەلمەسلىكى تۈپەيلى بۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولغىلى بولمىسىمۇ، بەزى كىشىلەر بۇنداق مەسىلىلەردە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قىزىققانلىق قىلىپ، ئادەتتىكى ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر قىسىم ئادەملەر «سېنىڭدىن قالامتىم، بوزەك بولامتىم...» دېگەنىدەك كۆز قاراشلار بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپ قالىدۇ، ئاچچىقلىنىشلار پەللىسىگە چىقىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنى تەنتەربىيە مەيدانلىرى، دوقمۇش، يەرلىك مەھسۇلاتلار بازىرى... دېگەنىدەك جايلاردا كۆپرەك ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل ئاچچىقلىنىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، بولۇپمۇ ياشلار بۇنداق ئىشلاردا ئېغىر - بېسىق

بولمىسا ئۆزىنىمۇ ئائىلىسىنىمۇ ھەسرەتتە قويىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئاچچىقلىنىش قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ مېنىڭچە:

بىرىنچى، ئىجتىمائىي زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، ئاچچىقلىنىش كىشىلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاچچىقلانغان ئادەم چوقۇمكى قارشى تەرەپكە چىرايلىق گەپ قىلمايدۇ، خەقنىڭمۇ ئېغىزى بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ ياندۇرۇپ، تويدۇرۇپ قويىدۇ. مانا شۇ يەردىن بىر ـ بىرىگە ئۆتكۈدەك گەپ قىلىشىۋالىدۇ ـ دە، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئېسىدىن چىقىرىشمايدۇ، بۇ ئاداۋەت ئۇرۇقى كۆكلەپ، مېۋە بېرىپ، ھەتتا ئاداۋەت ئىگىلىرى ئۆلۈپ كەتكۈچە بۇ دەرەخ «ياشنايدۇ».

گاھىدا ئاچچىقلانغۇچى بىر قىممەتلىك ئاچچىقى تۇپەيلى بىر ئۆمۈر پۇشايماندا ئۆتىدۇ، بالىسىنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكى تۇپەيلى، ئۇنى ئۆيىگە باغلاپ قويۇپ ئىشقا كەتكەن دادىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، دادا قايتىپ كەلسە ئۆيدىن گاز چىقىپ كېتىپ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن... ئويلاپ بېقىڭ ـ دە! بۇ دادا بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويدى، بالىسىنىڭ باغلانغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن ھالىتى كۆز ئالدىغا كەلسە ۋە كېلىۋالسا، ئۇ دادا قىلغان ئىشىغا نادامەتلەر قىلماسمۇ؟!

بىزدە ئاچچىق يېتەرلىك بار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەر دېمەيلا ۋالاق ـ ۋۇلۇق چۇشۇپ كېتىمىز... باشقىلار ئاران تەستە ئايرىيدۇ، بىز پەشنى قېقىپ كېتىپ قالىمىز. بىرىمىز بىلەن شۇنداق ئاسانلا ئايرىلىپ كېتىمىز، دادىسىغا ئاداۋەت ساقلاپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلماي يۈرگەن نەچچە نامەردنى تونۇيمەن، ئاچىسىنىڭ ئېرىنى سولىتىۋەتكەن خۇمسىلارنىمۇ ئاڭلىغانمەن.

ئىككىنچى، تەن ساغلاملىققا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، تىببىي تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئاچچىقلىنىش تەن ساغلاملىققا تۆۋەندىكىدەك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىكەن:

مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدىكەن ـ دە، ئاسانلا مېڭىدە توسۇلۇش كېلىپ چىقىدىكەن.

مېڭە قان توسۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، چۈنكى ئاچچىقلانغاندا يۈرەكنىڭ سوقۇشى رىتىمى تېزلىشىپ، مېڭە

زىققا كېسىلىنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئاچچىقلىنىش سەۋەبىدىن ئاشقازان ئۆت سۇيۇقلۇقى كۆپ مىقداردا ئىشلىنىپ كېتىپ، ئاشقازان يارىسى كېسىلىنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئاچچىقلىنىش جىنسىي ئەزالارنىڭ قان ئايلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، ئاياللاردىكى جىنسىي سوغۇقلۇق كېسىلىنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئۈچەي يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، قەۋزىيەتنىڭ كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

بوغما ئۈچەي ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

دىيابىت كېسىلىنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئۈچىنچى، روھ ياكى پسىخىكا جەھەتتىن زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاچچىقلانغۇچى ھەقىقەتەنمۇ روھىي جەھەتتىن چارچايدۇ، تەپەككۇرى چېچىلىدۇ، دىققىتى مەركەزلەشمەيدۇ، ئۇ روھىي جەھەتتىن مۇنداق بىرقانچە زىياننى تارتىدۇ:

كۈندۈزى ئىزتىراپلىنىپ، كېچىسى قارا بېسىپ ياخشى ئارام ئالالمايدۇ ـ دە، تېخىمۇ چېچىلاڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ.

ئاچچىقلانغان ئادەم دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەچكە، كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭمۇ ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالىدۇ، خىيالىي بىلەن رېئاللىق، ئۇڭى بىلەن چۈشى ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

توغرا تەپەككۇردىن يىراقلاپ كېتىدۇ، ئاچچىقلانغۇچى ئاددىي ئىشلارغا ھەيران قالىدىغان، ناچار مەسلىھەتلەرگە بويۇن ئېگىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاچچىقلانغۇچى ئۆز مەيدانىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئاددىي مەيدانلارنى مۇرەككەپ كۆرىدىغان، مۇرەككەپ مەيدانلاردا ئاددىي بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

## 6. ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ناچارلىقى

ئائىلىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ، ئائىلىنىڭ ياخشى بولۇشى جەمئىيەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: ئائىلە ناچار بولسا چوقۇمكى جەمئىيەتكە ناچار تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئائىلە نۆۋەتتە كەلسە بىر مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ ئاجايىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلىلەردىن كەلگۈسى ئەۋلادلار تەربىيەلىنىدۇ، ئائىلىلەردىن كەشپىياتچىلار، يېتەكچىلەر، سىياسىيونلار، تارىخچىلار... چىقىدۇ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئائىلىلەردىن باشلىنىدۇ. ئائىلە — ئىنسانى روھىي، ئېتىقادىي، ئەخلاقى، ئەقلىي، جىسمانىي، ئىجتىمائىي... جەھەتلەردىن تەربىيەلەشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئائىلە ۋە تەربىيە ھەققىدىكى بۇ پاراڭلىرىمىزدىن مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنىلا ئائىلىگە ئارتماقچى ئەمەسمىز، چوقۇمكى بۇنداق مەسئۇلىيەتلەرنى ئائىلىدىن سىرت مەكتەپ، مائارىپ، تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

دېمەك، ئەخلاقسىز ياكى مەسئۇلىيەتسىز ئائىلىلەردە چوڭ بولغان كىشىلەر ئەلۋەتتە مۇھىت تەسىرىگە ئۇچراپ ئەخلاقسىز بولۇپ قالىدۇ.

## 7. نادانلىق

نادانلىقنىڭ يەنە بىر مەنىسى بىلىمسىزلىك،

بىلمەسلىكنىڭ كەلتۈرگەن ۋە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى ئوقۇرمەنلەر ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

نىيەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى: ئامانەتلەرگە خىيانەتلەرنىڭ كۆپىيىشى: ھەققەتتىن تېنىپ، پاسىقلىق، مۇناپىقلىقنىڭ يامرىشى: خۇشامەتلەرنىڭ ئاۋۇشى: پەزىلەتلەردىن يىراقلاپ، رەزىللىككە يامىشىشلار: بىلگىنىگە ئەمەل قىلماسلىق: پۇلغا قۇل بولۇش... لارنىڭ ھەممىسى نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بەزىلەر بىرنېمىلەرنى بىلگەندەك قىلىسمۇ، ئەمەل قىلمىسا بىلمىگەنلەر قاتارىدا بولىدۇ. بىلمىگەنلەر — نادانلار! بىلمىگەنلەر — جاھىللار! بىلمىگەنلەر بىلمەسزلەر! ھەممە ئاپەت مانا شۇ نادانلىقتىن، جاھالەتتىن، بىلمەسلىكتىن كېلىدۇ.

بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولىدۇ، دېيىش تازا كۈلكىلىك گەپ بولۇپ قالىدۇ.

بىلمەسلىكتە ئېتىقادىغا تەۋە بىلىملەرنى بىلمەسلىك ئەڭ خەتەرلىك جاھالەتتۇر، تۇرمۇش بىلىملىرىنى بىلمەسلىك ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەسدۇر، چۈنكى ئىنسان روھ ۋە تەننىڭ جۇغلانمىسىدۇر. روھنى مەرىپەت بىلەن تەمىن ئەتمەسلىك، ئۇنىڭ ئاچقان يېرىگە ئوزۇقلۇق بەرمەسلىك، ئۇسسىغان جايىغا سۇ قۇيماسلىق ئاقىلانىلىك ئەمەستۇر.

### 8. باشقىلارغا ئارىلاشماسلىق

ھېچكىمگە ئارىلاشماسلىق، يېگانە ياشاش ئاقىللارنىڭ تۇتقان يولى دېيىلىدىغان گەپ بولىسمۇ، ئىنسان بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن كىشىلەرگە ئارىلاشماي ياشاش بىمەنە بىر تاللاشتۇر. بىز تارىختىن بۇيان ئۈيۈل تاشتەك ئۇيۇشۇپ، كوللېكتىۋىزملىق شەكىلدە ياشىغان خەلق. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ چوقۇمكى، بىزدە ئورتاق ياشاش، تەڭ - باراۋەر ياشاش ئېستىكى ۋە ئېڭى تولىمۇ يۇقىرى... شۇنداق ئىكەن كىشىلەرگە پەقەتلا ئارىلاشماي ياشاش بىنورماللىقنىڭ تولۇق ئىپادىسى بولمىسىمۇ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرەر سىماسىنى تاپقىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ تۇرمۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدىغان كىشىلەردە كىشىلىك ئەخلاق قارىشى بەك سۇس بولۇپ، نىيىتى يامان بولمىسىمۇ، قىلغان قىلىقى ئەخلاقسىزلىققا يېتىپ قالىدىغان ھادىسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

### 9. بايلىق

نامراتلىقنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بايلىقنىڭ ئادەم ئەخلاقىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنىمۇ كىشىلەر ئىنكار قىلمىسا كېرەك. «ئېشەكى يوقىقا ئېشەك بەرسە مىنىپ ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەندەك، بىر قىسىم يېڭىدىن بېيىغان كىشىلەر باشقىلاردىن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ئاز ئۈلگىرىلىگەن ھامان، ئەخلاقسىزلىق مەيدانىغا شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرىدۇ، ھەيران قالىسىز! گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت، كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغ... جەھەتلەردە جىددىي ئۆزگىرىش ياسايدۇ. بۇ خىل روھىيەتتىكى كەمتۈكلۈكنى «قول ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭى قالماس، دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆيى قالماس» دېگەن ماقال بىلەن ئىپادىلىمەك مىنىڭچە دەل جايىدا ئىپادىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى باي ئۆزگەرسە، كونا باي ئەسلىدىكىدەك تۇرامدىكەن؟ ياق! ئۇمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ئۆزگىرىپ بولغان ياكى ئۆزگىرىپ بېقىپ، بايلىققا ئىلىم-مەرىپەت، ئەخلاق-پەزىلەت، يۈكسەك ئېتىقاد قېتىلىپ كەلمىسە ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقنى بىلگەن گەپ. پەقەت ئۆزگەرمىدىم دېگۈچى بايمۇ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقسا، كەملەرگە ئېرەن قىلمىغىنى، كەملەرنى سىلكىۋەتكىنى، كەملەرگە ۋارقىرىغىنى مانا مەن دەپ ئېسىگە كېلىشكە باشلايدۇ.

گۈزەل ئەخلاق بىلەن ماددىي باياشاتلىق ھەرگىزمۇ بىرگە تۇرالمايدۇ. بىر ئالىمدىن «بايلار ياخشىمۇ، ئالىملارمۇ؟» دەپ سورالغانىكەن، ئۇ: «ئالىملار ياخشى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ئۇنداق بولسا ئالىملار بايلارنىڭ ئىشىكىگە بارىدىكەنۇ، بايلار ئالىملارنىڭ ئىشىكىگە بارمايدىكەنغۇ؟» دېگەن سوئالغا، ئالىم: «چۈنكى ئالىملار بايلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ئەمما بايلار ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### 10. داڭقى چىقىشى (مەشھۇر بولۇش)

مەيلى بىلىمى بىلەن، مەيلى مال - دۇنياسى بىلەن، مەيلى ھوقۇقى بىلەن بولسۇن ئادەم كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇم ئىمتىياز ياكى ئابرۇيغا ئىگە بولغاندا، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۆزى سەزگەن ياكى سەزمىگەن ھالدا بىر قىسىم ئەخلاقسىزلىق ئىللەتلىرى سىڭىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئالىم بولماستا، باي بولماستا، ئەمەلدار بولماستا بىرگە يۈرگەن يېقىنلىرىنىڭ ئۇنى «ئۆزگىرىپ كەتتى» دېيىشلىرى بىكار ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىنچىكە يەرلەرنى باشقىلاردىن ياخشى بىلىدۇ.

ئەخلاققا ئىنتىلگەن ئالىم، باي، ھوقۇقدارلار ياكى چولپانلار بۇ خىل مەشھۇرلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىللەتلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئالامەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ياخشى بايقاپ، تېزدىن ئۆزگەرتمىكى لازىمدۇر.

ئەمما ئەخلاققا ئىنتىلمەيدىغان ئاتالمىش مەشھۇرلار «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر، قاسقانىغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكۈپ، ئالىم دېگەنلىرى ئېتىقادى ۋە بىلىمىنى پۇلغا سېتىپ، باي

دېگەنلىرى پاھىشىۋازلىقنىڭ شورپىسىنى ئىچىپ، ھوقۇقدار دېگەنلىرى پارا يەپ، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، چولپان دېگەنلىرى (ئاڭلىغىنىمىز راست بولسا) ئاق چېكىپ، چىرايلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، توت كۇندە موللاق ئېتىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لايىق ئورۇنلىرىنى تېپىشىدۇ. شۇنىڭغىچە ئەخلاق سۆيىدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەسلىگە قايتىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجى يوقتۇر.

## 11. غەم ـ ئەندىشىنىڭ كۆپ بولۇشى

غەمدىن بىر كېچىدىلا چېچى ئاقىرىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. غەمنى كىشىلەر ئاستا خاراكتېرلىك زەھەر دېيىشىدىكەن، غەم ـ ئەندىشە كۆپ بولغاندا كۆڭۈل خاتىرجەم بولمايدۇ، دىققەت مەركەزلەشمەيدۇ، ئادەمنى قېرىتىۋېتىدۇ. كىشىلىك ئەخلاقلارغا مەقسەتسىزلا رىئايە قىلىنماي قالىدۇ.

غەم ـ ئەندىشە كۆپ بولسا روھ قەلبگە يېپىشىۋېلىپ، قەلبنىڭ خىزمىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنداق يېپىشىۋېلىش بەدەندىكى تەبىئىي ھارارەتنى پەسەيتىپ، بەلغەمنى كۆچەيتىۋېتىدۇ، ئاخىرىدا مىزاج بۇزۇلۇپ، چاچ ئاقىرىشلا ئەمەس، ھەتتا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ!

غەم ـ ئەندىشە ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەت چۈشكۈنلىشىش تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ ـ خالاس! غەم ـ ئەندىشە سەۋەبىدىن قانچىلىغان ئادەملەرنى رەنجىتىمىز ـ ھە؟! غەم ـ ئەندىشە جاننى قىيناشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

## 12. كېسەللىك

تەندۇرۇس ئادەملەر بىلەن كېسەل ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە چوقۇم زور پەرق بولىدۇ، بۇ ئاددىي بىر ساۋات. كېسەللىك ئىرادىگە باقمايدۇ، ئۆزى خالىمىغان گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتتە بولۇپ قېلىش ئادەمنى باشقىلار ئالدىدا ئەخلاقسىزدەك كۆرسىتىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ مېڭىش ـ تۇرۇشى جايىدا، ئەمما ئىللىتى ئىچىدە، دەماللىققا باشقىلار بىلەلمىگۈدەك دەردى بار كىشىلەر باشقىلارغا ئاسانلا خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا بۇنداق كىشىلەر ئامال بار ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىگە بەكرەك دىققەت قىلىشى، كېسەل ئەھۋالىنى ئېيتقۇسى كەلسە ئېيتىپ، كۆپچىلىككە ئالدىنئالا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشى، كېسىلىنى ئېيتقۇسى كەلمىسە، باشقىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندا چىدىشى لازىم. كېسەل كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن رەنجىشمۇ ناتوغرا ئىدىيەدۇر.

## 13. ياشنىڭ چوڭىيىشى

قېرىمايدىغان كىم بار؟ ئادەم قېرىغاندا جىسمانىي جەھەتتىنلا قېرىماستىن، روھىي جەھەتتىنمۇ قېرىيدۇ، ياشلىقىدا چىدىغان ئىشلارغا قېرىغاندا چىدىماي قالىدۇ. چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنى ھەممە بىلىدۇ. قېرىلارنىڭ قېرىلىقنى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ، غەيرىتى تاغنى تالقان قىلغۇدەك بولسىمۇ بىلىنىڭ كۈچى ئۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قولاشمىغان پوت ـ قوللىرى، ياكى تەستە قىلىنغان گەپ ـ سۆزلىرى باشقىلارغا خاتا تەسىر بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا ياشانغانلار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ھوشيار تۇرۇشى، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئۆزىگە ياقمىغان ھەرىكەتلەرگە بەك چېچىلماسلىقى، نارازى بولماسلىقى لازىم. كىشىلەرمۇ ياشانغانلارنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق بابىغا ياتمىغان ھەرىكەتلىرىنى كەچۈرۈشى، ئۇلارنى چۈشىنىشى، ئۆزى شۇ ياشلارغا بېرىپ قالسا قانداقراق بولۇپ قالىدىغىنىنى ئويلىشى كېرەك.

## 14. چەكتىن ئاشقان ئەستايىدىللىق

«تاۋۇزمۇ بەك پىشىپ كەتسە ھاراپ قالىدۇ» دېگەن گەپ ھەقىقەتەن جايىدا ئېيتىلغان تەمسىل، چەكتىن ئاشقان ئەستايىدىللىقمۇ نۆۋىتى كەلسە باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئادەمنى ئەخلاقسىز كۆرسىتىپ قويىدۇ.

## 15. ئۆز نۇقسانلىرىنى يىقماسلىق

ئۆچكە داۋاملىق ئېچىق تۇرىدىغان كۆتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، قوي قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ قويسا ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلەرمىش... ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئويلاپمۇ قويماستىن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ھەققىدە چالۋاقايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە بىر تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق.

## 16. ئۆزىنى ئوڭشاشتىن نائۈمىد بولۇش

«نائۈمىد شەيتاننىڭ ئىشى» دەيدۇ ئەجدادلار. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئۇرۇنۇپ باقىدۇ، تۈزىتەلمىسە، بۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆزىگە تامغىدەك ئويۇلۇپ كەتكەن ئىشلار دەپ قاراپ، نائۈمىد بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قايتا تىرىشمايدۇ. ئەخلاقسىزلىقلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئۇمۇ بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ زور خاتالىق، ئۇلارنىڭ چوقۇم «تىرىشقان كامال تاپار، ھۇرۇن زاۋال تاپار» دېگەندەك، تىرىشمىقى، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈگەتمەككە ئۇرۇنمىقى لازىمدۇر.

## 17. غەيرەتسىزلىك

غەيرەت قىلىش ـ كامالەت پەللىسىگە توختاۋسىز

ئۆرلەشنى كۆرسىتىدۇ، غەيرەتلىك ئادەم ــ ئۆز نىشانىغا يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان، نىشانىنى مەلۇم نەرسىلەردە ئالماشتۇرۇۋەتمەيدىغان ئادەمدۇر، شۇڭا ئالىملار غەيرەتلىك ئادەمنى ئەڭ ئېگىز ئۇچىدىغان قۇشقا ــ بۈركۈتكە ئوخشىتىدۇ، «ئۇ (بۈركۈت) ئاددىي نەرسىلەر ئۈچۈن شۇڭغۇپ يۈرمەيدۇ، پەستىكى ئاپەتلەرمۇ ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ، ئىنساننىڭ ھىممىتى ئۆرلىگەنسېرى بالايىئاپەتلەردىن شۇنچە يىراق بولىدۇ، پەسكە چۈشكەنسېرى ئاپەتلەرگە يېقىنلىشىدۇ.»

كىشىلەرنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانلىرى ئوخشاشمىغاندەك، ئۇ نىشانلارغا يېتىش جەريانىدىكى غەيرەتلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ...

بەزىلەر ئېغىزىدا شەھەر ئالىدۇ، پونى زەي سالماي ئاتىدۇ، ئەمما ئۇلۇغۋار ئىشلارغا قارىتا قىلچىلىكمۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى، غەيرەت ـ شىجائىتى يوق... بۇلار پوچىلار ۋە لاپچىلاردۇر. ھىممەتسىز ۋە غەيرەتسىزلەردۇر.

يەنە بەزىلەر پۇچەك، يارامسىز، قىممىتى يوق ئىشلارغا ئاجايىپ غەيرەت كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق، قۇرۇق پاراڭ... دېگەندەك ئىشلارغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، شۇ ئىشلار ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايدۇ، بۇنداق كىشىلەر ياخشى تەربىيەلەنسە ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ توغرا ـ خاتاسى ياخشى چۈشەندۈرۈلسە ئۇلار چوقۇمكى يارامىلىق ئادەملەردىن بولىدۇ.

يەنە بەزىلەر ھەققىدە غەيرەت ـ ھىممەت توغرىسىدا گەپ ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتىنىڭ كۆپ پەرقى يوق... يوق بولسا سورىقى قىلىنمايدۇ، بار بولسا «ۋاي كەلسىلە!» دېيىلمەيدۇ.

غەيرەت قىلغانىنىڭ، ھىممەت كۆرسەتكەنىنىڭ پايدىسى زادى نېمە؟

بىرىنچى: كىشىلەر ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالىي ئىش دەپ قارىغان ئىشلار غەيرەتلىك ئادەملەر قولىدا رويابقا چىقىدۇ.

بۇ تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، يىراقنى دېمىسەكمۇ يېقىننى مىسالغا ئالساق، ياپونلۇق ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ گېرمانىيەگە بېرىپ، موتور ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكى، بۇ جەرياندا گېرمان موتورىنى قانچىلىغان قېتىم بۇزۇپ قۇراشتۇرغانلىقىنى، توققۇز يىل ھەر كۈنى ئون ـ ئونبەش سائەتتىن ئىشلەپ، ئاخىرى مۇستەقىل موتور ياساپ نەتىجە قازانغانلىقىنى، بۈگۈنكى ياپونىيەنىڭ ماشىنىسازلىق تەرەققىياتىنىڭ شۇ قېتىملىق تەتقىقاتتىن باشلانغانلىقىنى مىسال قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئىككىنچى، غەيرەتلىك ئادەم پۇچەك ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

چۈنكى، ئۇ يۈكسەك بىر پەللىنى نىشانلىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ، ئۇنداق ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى زايە قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

بىزدە پۇچەك ئىشلار بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۆزىنى ھېچكىم بىلەن تەڭ قىلمايدىغان ئاتالمىش بىر قىسىم زىيالىيلار، ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەۋالغان بىر قىسىم كادىرلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك رېستوران، تېز تاماقخانىلاردا، چايخانا ـ دىبالاردا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز... كۈنلەپ مۈكچىيىشىپمۇ پارىڭى تۈگىمەيدۇ، ھا، ھا، ھۇ ھۇ... بىلەنلا ئۆتۈۋاتقان، بىرەر پارچە كىتابنىڭ گېپى يوق، ئىلىم ـ مەرىپەت چىراغىنىڭ گېپى يوق، غەيۋەت، تەكرار غەيۋەت، ئاددىي يۇمۇرلارغا قىيقاس ـ چۇقان سېلىشىپ، چالا بوغۇزلانغان چوشقىدەك خىرقىراشلار... ئۇلارنىڭ ياشلىق دەۋرى قانچە ئۇزۇن بولار؟ تەپەككۇرى قاچانغىچە شۇنداق «جانلىق» بولار؟ زىيالىيلىرىمىزنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىغان، تەپەككۇر قىلسا چارچىمايدىغان ۋاقتى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتسە، ھەققىي يوسۇندا خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا تېگىشلىك ۋاقتىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماي، رەڭلىك ئولتۇرۇش، پارا، ھوقۇق... دېگەندەك تېگى يوق ھاڭلارنىڭ گىرۋىكىدە يۈرسە... ئۇلارنى قانداقمۇ زىيالىي، قانداقمۇ ياخشى كادىر دېگىلى بولسۇن؟ غەيرەتسىز، ھىممەتسىز ئۆتكەن شۇ كۈنلىرى ئۈچۈن بىر كۈنلەردە ئۇلار پۇشايمان قىلماسمۇ؟ پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىپ بەرگەن شۇ ھوقۇقنى ئەمەلىي ئىشلەتمەي، خەلق ئالدىدا، ۋىجدانى ئالدىدا جاۋاب بەرمەسمۇ؟

ئۈچىنچى، كىشىلەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا غەيرەتلىك ئادەملەرنى ئەسلىرىگە ئېلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشىدۇ.

بۇ ھەممە بىلىدىغان بىر ھەقىقەت، بارلىق شىركەتلەر، جەمئىيەتلەر، ھەرقايسى مۇئەسسەسەلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىقتىدارلىق، غەيرەتلىك كىشىلەر بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، غەيرەتلىك ئادەملەرنىڭ ھاياتى مەنىلىك ھايات بولۇپ، ئۇلار ۋاقىتتىن مول ھوسۇل ئالالايدۇ.

بەشىنچى، غەيرەتلىك ئادەملەر گېپى كەلسە شەخسلەرنىڭ ئەمەس، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭمۇ ھاياتىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالايدۇ.

غەيرەتسىز كىشىلەر بولسا داۋاملىق ھالدا ئاددىي ئىشلارغا ھەيران قېلىپ، دۈشمەننى كۈچلۈك بىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى ئالدىدا ئېرىپلا كېتىدۇ. مانا مۇشۇ ئاجىزلىقى بىلەن ئەخلاقسىز ياشاشتىن سىرت، ئەخلاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

ئېتىزلىرىنى ئوت باستۇرۇۋېتىدىغان دېھقان،

www.uyghurkitap.com

دۇكانلىرىنى ئۆمۆچۈك تورى قاپلاپ كەتكەن تىجارەتچى، مەدىكار بازىرىدا كۈنلۈكىنى كۈنىگە يەتكۈزەلمەي، شۇمشىيىپ يۈرگەن ئىشلەمچى... ھەممىمىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

غەيرەت قىلىش، ئىرادە باغلاش ــ ئالاھىدە بىر تېما! مېنىڭچە، بۇنى مەخسۇس بىر يەن شەكلىدە تەتقىق قىلىشمۇ ئەرزىيدۇ...

## 18. مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئادىتى

مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئادىتىمۇ ئادەمنى ئەخلاقسىز قىلىپ تاشلايدۇ، بۇنداق ئادەملەر بەزىدە يالغان گەپ قىلىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچسا، بەزىدە باشقىلارغا دۆڭگەپ تۇرۇپ قاچىدۇ، داۋاملىق شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، يۈزى سۆرۈن بىر نېمىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئەخلاقسىزلىقى خەلقئالەم ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

## 19. ئەخلاقتا ئىنتىلمەسلىك

ئەگەر بىزگە كەڭ كەتكەن زېمىن بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرىنى تاللاش پۇرسىتى كېلىپ قالسا، قايسىسىنى تاللىغان بولار ئىدۇق ـ ھە؟

ياخشى ئىشنى قىلىشتا بەزىلەر شۇ ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىدۇ، بەزىلەر شۇ ياخشى ئىشقا ئەگىشىدۇ، بەزىلەر شۇ ياخشى ئىشنى قىلىش پۇرسىتىنى قاراپ تۇرۇپ كەتكۈزۈۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا شۇ ياخشى ئىشنى قىلمىغىنىغا خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىش ـ پەقەت ھەقىقىي ئەركەكنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئەگىشىش بولسا ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى، ياخشى ئىشنى قىلالمىغىنى بەختسىز ئادەم، قىلمىغانغا ئوخشاش بولغان ئادەم دۆت ئادەمدۇر، ئەخلاقتا ئىنتىلمەسلىك ــ بىر بىچارىلىك! ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق...

## 20. تەربىيە قوبۇل قىلماسلىق

تەلىم ـ تەربىيە دېگەنلىك شۇ جەمئىيەتنىڭ داۋام ئېتىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاساسىي ماھارەتلەرنى پۇختا ئىگىلەشتۇر. ئادەتتە ‹تەلىم ـ تەربىيە› سۆزى كىشىلەرنى تەپەككۇر ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مەشغۇلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋردە، مەيلى مۇنتىزىم مائارىپ ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى ئائىلە ياكى خۇسۇسىي مەكتەپلەر مائارىپى ئارقىلىق بولسۇن، ھەر خىل ئىجتىمائىي ساھەلەردە قانداق مېڭىشقا تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق كۆڭۈل بۆلىدۇ.

تەربىيە ئۆز نۆۋىتىدە روھىي تەربىيە، ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، ۋىجدانىي تەربىيە، ئىجتىمائىي تەربىيە، سىياسىي تەربىيە، ئىقتىسادىي تەربىيە... قاتارلىق بىر مۇنچە تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەدە ئائىلىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بولۇپمۇ ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە ئانىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. چۈنكى ئۇ بالىلارنى ئۇنىۋېرسال تەرەپلەردىن تەربىيەلەپ جەمئىيەتنى بىر قىسىم ئىنسانلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇ تەمىنلىگەن ئادەملەر جەمئىيەتكە كېرەكسىز يوق كىشىلەر بولۇپ قالسا تەبىئىكى ئۇلار شۇ جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىدىن بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە يۈك بولۇپ قالىدۇ.

ئىقتىسادىي تەربىيەمۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرسا بولمايدۇ. ئۇمۇ ئائىلىگە سىڭىپ كىرىشى، ئائىلە ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ياشايدۇ. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە بۇمۇ ھاجەتمەن بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي ئاڭنى تولۇق يېتىلدۈرۈپ، ھەم قىممەت يارىتالايدىغان، ھەم ئىستېمال قىلالايدىغان، ھەم ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەربىيە مەزگىلىدە تەربىيەچىلەر ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش تەرىپىنىلا چىڭ تۇتۇۋالماستىن، توغرا يولدا پۇرسەتنى تونۇشنىمۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئۆگىتىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش ئېڭىنىمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىقتىسادىي قىممەتنى ۋاستە تاللىماستىن تاپىدىغان ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتمەستىن، ھالاللىق بىلەن پاكىز ئىش قىلىشنى، ئىقتىسادىي ئەخلاقتا رىئايە قىلىشنىمۇ ئۆگىتىشى كېرەك.

قانۇنىي تەربىيەمۇ تەربىيەنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك. تەربىيەلەنگۈچىلەر ئائىلىدە ياكى مەكتەپتە ۋە ياكى خىزمەت ئورنىدا قانۇن ئارقىلىق قوراللانسا، نېمىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا، نېمىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنغا، نېمىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ياتىدىغانلىقىنى، قانداق قىلسا قانۇننىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى... بىلسە چوقۇمكى ئۇنداق تەربىيە كۆرگەن ئادەم جەمئىيەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ياشايدۇ، ئۆز ھەققى ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداپ، باشقىلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ. سىياسىي مۇئامىلىلەرنىمۇ توغرا ئېلىپ بارالايدۇ.

گاھىدا ئويلاپ كېتىمەن: بىزنىڭ تەربىيەچىلىرىمىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىر قىسىم خەلقئارالاشقان، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسە، ئادەملىرىمىز ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ۋە جارائلىق ھالدا ئېيتىپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭالىسا، ئېتىقاد، ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە تولۇق يېتىلگەن كىشىلىرىمىز

مائارىپىمىزنى، تەلىم ـ تەربىيەدەك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنى پۇختىلىسا... بىز نېمىدېگەن بەختلىك بولار ئىدۇق ـ ھە؟ ئەپسۇس... مىليونلاپ ئەپسۇس! بۇ مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ھەقىقىي تەربىيەچىلەر تولىمۇ ئاز. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار غەربكە مۇتلەق چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىشقا ئورۇنسا، بىر قىسىملىرى ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش يولىنى تۇتسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ، توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىمىسا «ئادەتلىرىمىز ئىچىدە مۇنۇ ـ مۇنۇلار بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، مۇنۇ ـ مۇنۇلارنى تاشلاپ قويساق زادى بولمايدۇ...» دەپ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن، ئەر ـ ئايالى بىلەن... چىرايلىق ئولتۇرۇپ، بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشەلمىسە، بالىلارنىڭ توغرا بولسا ئاتا خاپا بولسا، ئايالىنىڭ توغرا چىقسا ئەر چېچىلسا... بۇ خىل قاشاق ھالەت ياكى مۇھىتتا چوڭ بولۇۋاتقان كىشىلەر چوقۇمكى «قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقا» دەك ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر، ماڭقۇرتتەك ياشاۋېرىدۇ... ئاددىي بىر ئىقىملارغا ئەگىشىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھالاكەت گىردابىغا ھەيدەيدۇ... ئەقىل ـ ئىدراكلىرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە، خۇراپىيلىقلارغا، نادانلارچە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە تولۇپ كېتىدۇ، ئەقىللىرى شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ، تەپەككۇرىدىن مەھرۇم ھالدا، كىم نېمە دېسە شۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ياشايدىغان بولۇپ قالىدۇ... بىز تەربىيەچىلەرگە، ئالىملارغا، ئىسلاھاتچىلارغا نېمىدېگەن موھتاج ـ ھە؟!

بىر ھۆكۈماغا: «ئادەم دۈشمىنىگە نېمە بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. تەنقىدلەرنى ئۆزىگە بېرىلگەن شىپالىق دورا دەپ بىلىپ، «جان» دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە نەسىھەت ئىگىسىگە كۆپ تەشەككۇرلەر ئېيتىدۇ. يەنە شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر باركى ئۇلاردا ئۇنداق نەسىھەتلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلاق، بۇنداق ھەقىقەتلەرنى كۆرىدىغان كۆز، شۇنداق ھەقىقەتلەرنى ئويلايدىغان كاللا يوق... ئەكسىچە بۇ خىل نەسىھەتلەرنى ئۆزىگە قارىتىلغان دۈشمەنلىك دەپ قاراپ، قوبۇل قىلماقتا يوق، ئىنكار قىلىدۇ، نەسىھەت ساھىبىنى تىقىپ ـ تويدۇرۇپ، پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىدۇ... خاتالىقنى داۋاملىق سادىر قىلىۋېرىدۇ، ئەلىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولىۋېرىدۇ، ئۇ بىچارە بۇنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ، بىلگەندە بولسا بەكلا كېچىككەن بولىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق تەكەببۇرلۇقى، تەربىيەنى قوبۇل قىلماسلىقى تۈپەيلى نۇرغۇن ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆزىدە ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ۋۇجۇدىدا يەنىمۇ كۆپەيتىۋالىدۇ ۋە كۈچەيتىۋالىدۇ.

## 21. ئۆزى ھەققىدە ئويلانماسلىق

ئىنسان بولۇپ دۇنياغا كېلىپ، نېمىگە كەلگەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى، ئۆزى بىلەن باشقىلار، ئۆزى بىلەن يەرشارى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى تەھلىل قىلماي، ھايۋان كەبى ياشاپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاقسىزلىق بولغىنىدەك، ئۇ نۆۋىتىدە ئەخلاقسىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان يامان سۈپەتلىك ئىللەتتۇر.

ھازىر شەخسلەر ئەمەس، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئۆزى ھەققىدە ئويلايدىغان بولدى، ئويلاپ بولغانلارمۇ خېلى كۆپ بولدى، بىر قىسىملىرى ئويلاۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە ئويلىمىغانلىرىمۇ بار.

بىز ئويلايدىغان، ئويلىشىدىغان، ئويلىنىدىغان ئىشلار خېلىلا كۆپ... ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئويلىمايدىغان بىر ئادەم ئەخلاقسىزلىق شاپىقىغا تېيىلىۋاتقان يەردە، ھېچنېمىنى ئويلىمىغان، ئويلاشمىغان، ئويلانمىغان كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەت نۇقتىسىدىن، مىللەت نۇقتىسىدىن، يۇرت ـ جامائەت نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش، دەرىجىسىنى ئايرىش، قىممىتىنى ھېسابلاش جەھەتلەردە تولىمۇ قىيىنلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك...

## 22. يامانلارغا ئارىلىشىش

«يامانغا يولۇقساڭ يالىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى» دەيدۇ ئەجدادلار. ھەممە ئۆز خىلى بىلەن يۈرىدۇ، يامانلىقلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىشقا يامانلارغا ئارىلىشىش تەبىئىي ھالدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا باشقىلاردىن يۇقتۇرۇۋالغان يامانلىقلارنى تۈزىتىش، ئۆزىدە پەيدا بولغان يامانلىقلارنى تۈزىتىشتىن كۆپ جاپالىق بولىدىكەن، شۇنداقلا جىنايى ئىشلار تەھلىلىدىمۇ يامانلارغا ئارىلىشىپ ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەر مىقدارى ئۆزلۈكىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەر مىقدارىدىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدىكەن...

«ياخشى ھەمراھ ئىپار كۆتۈرۈۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇ ساڭا ئىپاردىن بەرمىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ئىپارنىڭ پۇرىقى ساڭا يۇقىدۇ، ناچار ھەمراھ تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكى (شامالچىسى) گە ئوخشايدۇ، ئۇ يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ دېتى يۇقىدۇ» دەيدۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر (ئەرەبچە، «سەبىھ بۇخارى» 5214 ـ ھەدىس)

ناچار ئادەملەرگە ئارىلىشىپ ئاق چېكىپ قالغان، پاھىشىۋازلىق قىلىپ قالغان، ھاراق ئىچىپ سالغان، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىپ قويغان، ياخشى خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان، قېرىنداشنىڭ نەپرىتىگە كەتكەن... ئىشلار ئازمۇ؟ ناچارلار ئۆزىنى ناچار دەپ ئېتىراپ قىلىپ قالسا،

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىدىنمۇ نەپرەتلەنگەن بولاتتى. يامانلارغا ئارىلىشىش خۇددى دېڭىزدا ئۈزگەندەكلا بىر ئىش، قىرغاققا چىقىش تولىمۇ مۈشكۈل.

يامانلارغا ئارىلىشىش ــ ئەخلاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمىسا كېرەك.

## 23. نومۇسسىزلىق

بىز يۇقىرىدا هايا (نومۇس قىلىش) نىڭ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، نومۇسسىزلىق (بىهايالىق ياكى هاياسىزلىق) ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا ئۇ ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسىدۇر.

«توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس» دەيدۇ خەلقىمىز. نومۇس قىلماي ئورا كولايمىز؛ نومۇس قىلماي تاتىلايمىز؛ چاقىمىز؛ ساتىمىز؛ ئاتىمىز؛ ياتىمىز؛ چاپىمىز؛ ئىچىمىز؛ بېرىمىز؛ دەيمىز؛ يەيمىز... ھەر بىرىنى تەپسىلي بايان قىلىشقا توغرا كەلسە بۇ ئاددىي يازما بىلەن بايان قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىرلا نەرسە ئېنىقكى، بىزدىكى نومۇسسىزلىقلارنى نومۇس قىلمايدىغانلارمۇ بىلىدۇ! ‹قانداق قىلىمىز ئەمدى... هازىر جاھان شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتسا... ئەمسە مېنى باقامسەن؟...› دېگەندەك تۈتامغا چىقمايدىغان باھانىلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ، تېخى.

## 24. تاماخورلۇق

بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېغىر كېسىلى تاماخورلۇق.

بۇ راستتىنلا زور ئەخلاقسىزلىق. بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەملەر ئەتراپىمىزدىمۇ ئاز ئەمەس، بۇ نېمىدېگەن خارلىق! تاماخورلۇق بىلەن ياشاش... نېمىدېگەن بىچارىلىك!

تاماخورلار بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر!

بەخت ــ ئىقتىساد ۋە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ هاسىل بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ «بۇ ئىقتىساد ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دېيىشنى بىلىشتۇر.

بەخت ــ ئالاهىدە بېزىلىپ، ئېسىل كىرىسلو ۋە خرىستال بۇيۇملارغا توشۇپ كەتكەن ئۆي ئەمەس!

بەختلىك ياشايمەن دېگەن كىشىلەر چوقۇمكى روهي قۇۋۋەتكە موهتاج بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، ئورتاق بىر مەقسەتتە چېلىنغان كۈيگە تەڭكەش قىلىشلىرى بەختنىڭ يەنە بىر تەرەپلىرىدۇر.

بەختلىك سۆهبەتنىڭ ئۆزى بىر پەن، ئۇنى تەتقىق قىلماي، ئۆگەنمەي بولمايدۇ.

بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر ئىقتىدار، كۆرگەنلا ئادەم بۇنىڭدىن كەيپ سۈرەلمەيدۇ.

بەخت بىرەر كىتابنى ئوقۇش ياكى بىرەر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن هاسىل بولىدۇ، دېگۈچىلەر خاتالاشقانلاردۇر. بەختنى نوقۇل هالدا بىرەر كىتابتىن تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ غۇبارسىز مىجەز ـ خۇلق، ساغلام ئەقىل ۋە ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان شېرىن تۇيغۇسى. ئۇ (بەخت) ئەخلاق بىلەن ئىلىمنىڭ مېۋىسى!

ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى، بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنساننىڭ ئارىسىدىكى ئىناقلىقى، ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى يېقىنلىق... لار تەهلىل قىلىنسا ئۇلاردىن بەختنىڭ مەلۇم مىقداردىكى پۇرىقى كېلىدۇ.

ئەمما رەڭلىك ئولتۇرۇشلار، هاراق ـ شارابلارنىڭ كەڭ ـ كۇشادە قۇيۇلۇپ تۇرۇشلىرى، باشقىلارنىڭ ئەتراپتا قول قوشتۇرۇشلىرى، ۋۇجۇدىدىكى شەهۋانىيلىقلار، كۆزلەر ۋە سۆزلەر ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىشلىرى... بۇلار ھەرگىزمۇ بەخت ئەمەس، ئەكسىچە ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى بەختسىزلىك.

مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىش ئۈچۈن پاك ۋە ساپ ئادەملەرنى پارا بىلەن بۇلغاش، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى دەپ ئىنسانىيەتنىڭ هاياتلىقىغا تەهدىت پەيدا قىلىش... لارمۇ بەخت بولماستىن تاماخورلۇق پەيدا قىلغان بەختسىزلىكتۇر.

مانا بۇ ئاددىي ھەقىقەتلەرنى ھېس قىلغان ل. تولستوي يەرلىرىنى يانچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئېسىل داچا ئۆيلىرىنى تاشلاپ، ۋوگزالغا يېقىن يەردىكى هېلىقى كەپىسىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى...

هىندىستانلىق گەندى ئۆچكىسىنىڭ سۈتىنى سېغىپ، يۇڭىنى توقۇپ ياشىدى...

ئۇلار ئەمەلىيەتتە داڭلىق بەختلىكلەردۇر... ئۇلار كىشىلەرگە بەختنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەتكەن ئۇستازلاردۇر...

روهنىڭ تەندىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى تەننىڭ ئۆز ئارزۇلىرىغا بولغان قاتتىق قول سىياسىتىدۇر... نەپسى تەلەپ قىلغان هەممە نەرسىنى تەننىڭ هازىرلاپ بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تەن نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنسېرى روهنى ئاجىزلىتىپ ياكى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ هالاكىتىنى تېزلىتىدۇ.

تاماخور نېمىنى تاما قىلىدۇ؟ ئۇ تەن ئېهتىياجىنى تاما قىلىدۇ... ئەگەر تەن روهقا هۆكۈمرانلىق قىلسا تەننىڭ هايۋانىي خىسلەت ۋە تەبىئەتلىرى دەۋر سۈرىدۇ. تەن مەملىكەتلىرىدە هايۋانىي هەۋەسلەر هۆكۈم سۈرسە، تويماس نەپسىنىڭ ئېهتىياجلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يامرايدۇ. ئاخىرىدا بۇ بىچارە تەن چارچايدۇ... تىتىلىپ كېتىدۇ... روهنىڭ كەينىگە كىرىپ چەكسىزلىكتە پەرۋاز

قىلمىغىنىغا تۇمەن پۇشايمانلارنى قىلىدۇ…

«كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ.
سەمەرقەندە ئالمىسىدەك،
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ…»

مادىدى ھۇزۇر سۈرەلمەسلىك كەمتۈكلۈكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، «مۇكەممەل ئادەم» لەر ئۇنداق «ھۇزۇر» نى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان روھىي لەززەتكە چۆمۈپ كەتكەن بولىدۇ… تەسەۋۋۇر ئەھلى بۇ خىل «روھىي لەززەت» نى «خۇرۇج» (يەنى چىقىپ كېتىش) دەپ ئاتايدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىدىكى شۇ خىل ھالەتنى (ئىنسانىي سۈپەتلەردىن ئىلاھىي سۈپەتلەرگە چىقىپ كېتىش) دەپ قارايدۇ…

تاماخورلۇق…

ھەي تاماخورلۇق …

بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى قانائەتدۇر، قانائەت دېمەك سەۋر قىلماق، چىدىماق دېمەكلىكتۇر. بىز يۇقىرىدا قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ دورىسى ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەل دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ كېسەلدىمۇ تاماخور چوقۇم تاماخورلۇقنىڭ ئۇنىۋېرسال زىيانلىرىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. تونۇسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەمەل قىلىش كېرەك، قانداق ئەمەل قىلىدۇ؟

بىرىنچى: تۇرمۇشتا ئىقتىسادچان بولۇش كېرەك. «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتتىم، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە ياتتىم» قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى: تۇرمۇشى بىر ئاز خاتىرجەم بولسا، كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزتىراپ چەكمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە ئىقتىسادچانلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، تاماسىز ياشىغان كۈنلىرى بىلەن تاماخورلۇقتا ياشىغان چاغلىرىنى ئەسلەپ، ياخشى سېلىشتۇرۇپ، قانائەتتىكى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن تاماخورلۇقتىكى خارلىق، پەسلىكنىڭ پەرقىنى ھېس قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى: ھېسابسىز بايلىقى بىلەن ھايۋاندەك ياشاپ ئۆتكەن، مىللەتكە ھېچنەرسە تەقدىم ئەتمىگەن كۆڭلى نامرات بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ھالىنى ياخشى سۈرۈشتۈرۈپ، ھالاللىق بىلەن باي بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك «ھالاللىق سەۋىيەگە يېتىش» سىياسىتى كەڭ كۆلەملىك، ئىزچىل يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كۈنلەردە، خەقنىڭ قولىغا قارىماي، بارلىق ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئايىماي، جاپاغا چىداپ، ئۆز قولى بىلەن ئىگىلىك تىكلەش لازىم.

ئەسلىدە ئادەم ئەمەل قىلالايدىغان دائىرىدە گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق مەن يۇقىرىدا ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى، شۇنداقلا ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىلىرى ھەققىدە ئەمەل قىلالايلى ياكى قىلمايلى چامىمنىڭ يېتىشىچە تەپسىلىيرەك توختالمىدىم. كىشىلەر ئەمەل قىلمىغان ئالىمنى چىراغ كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇغا ئوخشىتىدىكەن. گەرچە مەن ئالىم بولمىساممۇ، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىرىمنى خەلقىمگە تەقدىم ئەتكۈم كەلدى. كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرىش ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ئىش! دۇنيادا ئادەملەرنى گۇناھ قاراڭغۇلۇقىدىن ھەقىقەت نۇرى تەرىپىگە تارتىشتىنمۇ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەت نۇرىغا باشلاشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بارمۇ؟!… بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئىلىم - مەرىپەت، ئەخلاق - پەزىلەتكە يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئىنسان تەبىئىتى داۋاملىق ھالدا تەربىيەگە، پەرۋىشكە موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. كەمتۈكلۈك ئىنساننىڭ خاس بەلگىسى! «مۇكەممەللىك» كە ئىنتىلىش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى! بىلگەنگە ئەمەل قىلماسلىق بىزدىكى زور ئەخلاقسىزلىق. مانا! ئىلگىرى بىلمىگەن بولساق ھازىر بىلدۇق، گەپ ئەمەلىيىتىمىزدە قالدى، پەقەت ھاياجانلىنىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇلارنى يۈكسەك ئېتىقاد، ھەقىقىي بىلىم، يىراقنى كۆرەلەيدىغان قەلبكە ئىگە كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ!

2009 - يىلى 7 - ئىيۇن، كورلا

---

ئاپتور: كورلا شەھەر «ئارقان» زەنجىرسىمان تاللا بازىرىدا.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مىسىر تەسىراتلىرى

ئادىل خالىقجان


مەن بۇ يىل 29 ـ يانۋار مىسىر پايتەختى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىنىڭ جۇڭگو يەرمەنكىسى پائالىيىتىگە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قاتنىششقا باردىم. بىز 23 ـ يانۋار كەچقۇرۇن بېيجىڭدىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ دۇبەيگە، ئاندىن ئايروپىلان ئالمىشىپ 24 ـ يانۋار چۈشتە دۇنيا تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى بولغان مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەگە يېتىپ باردۇق. شۇ كۈنى تېمپېراتۇرا 22 گىرادۇس بولۇپ، كىشىگە ئارامبەخش ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە 4 ـ 5 ـ ئايلاردا بوران كۆپ چىقىدىكەن. 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە تومۇز ئىسسىق بولىدىكەن. 10 ـ ئايلاردا ھاۋا سالقىن، 12 ـ ئايلاردا سوغۇقراق بولىدىكەن. 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت مىسىرنىڭ ئەڭ ياخشى ساياھەت مەزگىلى ھېسابلىنىدىكەن. بىز قاھىرەدىكى ئالماساخ (ALMASAH) مېھمانسارىيىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان پىرئەۋن كەنتىنى ساياھەت قىلىشقا باردۇق. پىرئەۋن كەنتى نىل دەرياسىغا يېقىن جايدىكى ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان ئارال ئىكەن. بىز كېمىگە ئولتۇرۇپ بۇ ئارالنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىقىنىڭ خارابە ئىزنالىرىنى ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان ھەيكەللەرنى كۆردۇق. قەدىمكى مىسىرلىقلار ۋە مېھنەتكەشلەر سىياقىدىكىلەرنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان، ھوسۇل يىغىۋاتقان، قول ھۈنەر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سورۇنلارنى، جەسەتلەرنى مۇمىيالاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇق. ئاندىن قىرغاققا چىقىپ كۆرگەزمىخانىدىكى مۇمىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ئاسارئەتىقىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق ھەمدە چۈشەندۈرگۈچىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقىلىق مىسىر تارىخى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلىمگە ئىگە بولدۇق.

25 ـ يانۋار ئەتىگەندە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ مىسىرنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان ئىككىنچى چوڭ شەھىرى ــ «ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئالېكساندىرىيە شەھىرىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا ماڭدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي يولنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ دەشتى قۇملۇق ئىكەنلىكىنى، يېشىللىقلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى كۆردۇق. مىسىر زېمىنى ئاسىيا ـ ئافرىقا

سەپەر ۋە ھاسىلات

قىتئەلىرىگە ھالقىغان بولۇپ، شەرقى قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىپ، پەلەستىن ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن چېگرالىنىدىكەن. جەنۇبتا سۇدان، غەربتە لىۋىيە، شىمالدا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىكەن. مىسىر تىپىك قۇملۇق دۆلىتى بولۇپ، زېمىنىنىڭ 95% ى قۇملۇق ئىكەن. مىسىرنىڭ ئانا دەرياسى بولغان نىل دەرياسىئەرەب تىلىدا «چوڭ دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا بولغان نىل دەرياسى (ئۇزۇنلۇقى 6 مىڭ 700 كىلومېتىر) ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىنى، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى، پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. نىل دەرياسىنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىنلىرى تانزانىيە، كېنىيە، ئۇگاندا، بۇرۇندى، رىۋاندا، ئېفىئوپىيە، كونگو (كىنشاسا)، سۇدان ۋە مىسىر قاتارلىق توققۇز دۆلەتتىن ئۆتىدىكەن. نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بوستانلىق دەريا سۈيى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايدا دېلتا رايونىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ مىسىر بويىچە ئەڭ باي رايون ئىكەن. بۇ رايون پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنىڭ ئاران 4%نى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما مىسىردىكى پۈتكۈل نوپۇسنىڭ 99%نى باقىدىكەن. نىل دەرياسى ئاز دېگەندىمۇ 2 مىليون 700 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىپ، دۇنيادىكى ئەڭ پارلاق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەختىرا قىلغانىكەن.

بىز مىسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى فەرۇقنىڭ ئالېكساندرىيە شەھىرىنىڭ دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان يازلىق ئوردىسىغا باردۇق. ئوردا تولىمۇ كۆركەم ئىكەن. ئوتتۇرا دېڭىزدىن كېلىۋاتقان مەيىن شامالدا روھىم كۆتۈرۈلۈپ ئىختىيارسىز ھالدا زۇمرەتتەك دېڭىز سۈيىگە ۋە كۆپكۆك ئاسمانغا نەزەر سالدىم. تۇركۇم - تۇركۇم چايكىلار كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى، نۇرغۇن كېمە دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. مەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئافرىقا قىتئەسىدە تۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا، 2003 - يىلى 10 - ئايدا ياۋروپادىكى فىرانسىيەنىڭ نىس، گاناۋ، مۇناگى قاتارلىق ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا تۇرۇپ جەنۇبىي قىرغىقىغا نەزەر سالغان چاغدىكى ھېسسىياتىم ئېسىمگە كەلدى - دە تەپەككۇرۇم قاناتلىنىپ، روھىي كەيپىياتىم جۇشقۇنلىدى. بىز دېڭىز ساھىلىدىكى ئاشخانىدا مىسىرنىڭ ئۆزگىچە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تائاملىرى ۋە بولكا بىلەن غىزالاندۇق. قورۇمىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا دېڭىز بېلىقلىرى ۋە قىزىل دېڭىزنىڭ سىيابۇس بېلىقلىرىدىن تەييارلىنىدىكەن. قورۇمىلار ناھايىتى تەملىك، يېيىشلىك ئىكەن. تاماقتىن كېيىن، بىز ئالېكساندرىيە شەھىرىدىكى دېڭىز ئۈستى قەلئە ۋە دېڭىز بويىدىكى سەيلە - ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى بازىرىنى كۆرگىلى باردۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خاتىرە بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگودا ياسالغان ئىكەن. بىز يەنە كۆلىمى زور رىم ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئىبادەتخانىنىڭ غايەت زور تاش تۈۋرۈكى پەلەككە تاقاشقان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانا رىم ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنىڭ يالدامىسى ئىكەن. كەچقۇرۇن بىز قاھىرەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كېمىدە ئولتۇرۇپ قاھىرەنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىدىن ۋە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇق. مىسىرلىقلارنىڭ ئۈچ ۋاقىتلىق تامىقىدا بولكا كەم




www.uyghurkitap.com

بولمايدىكەن، مىسىرنىڭ تۆرلۈك بولكىلىرى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقالغانىكەن.

26 ـ يانۋار، بىز قاھىرەنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىغا جايلاشقان سۇۋەيش قانىلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئىسمائىلىيە شەھىرىگە باردۇق. بۇ شەھەر مىسىرنىڭ ئەڭ رەتلىك، پاكىز، تىنچ ۋە گۈزەل شەھىرى دەپ تەرىپلىنىدىكەن. ئۇ شىمالىي تەرەپتىكى سەئىد پورتى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى سۇۋەيش شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىكەن. شەھەر ئەتراپىنىڭ ھەممىلا يېرىدە خورما دەرىخى، كۆجۈم ـ كۆجۈم ئۆسكەن ماندارىن دەرەخلىرى بار ئىكەن. چۈشتە بىز نىل دەرياسى بويىدىكى بىر ئاشخانىدا غىزالاندۇق. تائاملىرىنىڭ تۈرى ئاز بولسىمۇ، يەنىلا بېلىقنى ئاساس قىلغان، مىسىر ئۇسلۇبىدىكى تەملىك، يېيىشلىك تاماق ۋە قورۇمىلار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بىز ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا باردۇق ھەمدە قانالدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېمىگە چىقتۇق. ئاڭلىشىمىزچە بۇ قانالدا 1859 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىش باشلىنىپ، 1869 ـ يىلى رەسمىي قاتناش باشلانغان ئىكەن. قانالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 300 ـ 400 مېتىر ئىكەن. بىز كېمە بىلەن 10 مىنۇتچە يۈرۈپ ئافرىقا قىتئەسىدىن ئاسىيا قىتئەسىگە كەلدۇق. بۇ ھاياتىمدىكى ئىككى قىتئە ئارىسىدا قىلغان ئەڭ قىسقا ۋاقىتلىق ئالاھىدە سەپىرىم بولۇپ قالدى. سۇۋەيش قانىلى ئىنتايىن باس ـ باس بولۇپ، ئافرىقا، ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىتنىڭ 70% ى، دۇنيا بويىچە توشۇلغان ماللارنىڭ تەخمىنەن 14% ى مۇشۇ قانال ئارقىلىق توشۇلىدىكەن. قاتنايدىغان كېمىلەرنىڭ سانى ۋە توشۇلغان مال مىقدارى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. ھازىر ھەر يىلى تەخمىنەن 18 مىڭ كېمە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتىدىكەن. شۇڭا سۇۋەيش قانىلىنى مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى دېيىشكە بولىدىكەن. سىناي يېرىم ئارىلى پۈتۈنلەي قۇملۇق بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ سۇنئىي كۆكەرتىلگەن بوستانلىق ۋە باغلار بار ئىكەن. بىر ئازدىن كېيىن، بىز 1973 ـ يىلىدىكى «ئۆكتەبىر ئۇرۇشى» («4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خارابىسىگە باردۇق. ئۇرۇشتا تاشلىۋېتىلگەن بىر نەچچە تانكا ۋە جىپ ماشىنىلار قۇملۇقتا قىڭغىيىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۇ يەردە ئەينى چاغدىكى ئىسرائىلىيەنىڭ يەر ئاستى ئاكوپلىرى ۋە قوماندانلىق ئورنى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش مىسىر ۋە سۇرىيە قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەققانىي ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا مىسىر قوشۇنى سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن «ئۆتكىلى بولمايدۇ» دەپ قارالغان «بارف مۇداپىئە سېپى»نى ۋەيران قىلىپ، سىناي يېرىم ئارىلىدىكى بىر قىسىم قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالغان، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ۋە رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.


شۇ كۈنى، قاھىرەنى داۋاملىق ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مۇھەممەد ئەل مەسچىتى قاھىرە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، سالاھىددىن قەلئەسىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئىكەن. بۇ مەسچىت ھەيۋەتلىكلىكى ۋە كۆركەملىكى جەھەتتە ياۋروپادىكى ھەر قانداق چېركاۋدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ مەسچىت 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىسىر بويىچە ئەڭ كاتتا مەسچىت ھېسابلىنىدىكەن. مۇھەممەد ئەل مەسچىتى شەرق ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتى مۇجەسسەملەشكەن ئۆرنەك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان تۈۋرۈك بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىچىك يۇملاق تۈۋرۈكلەر ئۇنىڭغا تۇتىشىدىكەن ۋە تىرەك بولىدىكەن، دىياگونال (قارىمۇ ـ قارشى) سىزىقلارنىڭ ئۈستىدە ئىنچىكە ئېگىز ئىككى نۇر مۇنارى بەئەينى پەلەككە تۇتاشقان مەشئەلگە ئوخشايدىكەن. پۈتكۈل ئىمارەت سۈتتەك ئاق ۋە سارغۇچ ئىككى رەڭنىڭ بىرىكمىسىدىن سىرلانغان بولۇپ، كىشىگە پاكىز، گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىكەن. ئۇ سالاھىددىن



قەدئەسى بىلەن مۇستەھكەم گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. بۇ مەسچىت 1830 ـ يىلىدىن 1850 ـ يىلىغىچە سېلىنغان، مەسچىت قۇرۇلۇشىنى گرېتسىيەلىك ئارخىتېكتور لايىھەلىگەن ئىكەن. مەسچىتتە تۈركىيە ئۇسلۇبىدىكى كۆپ قەۋەتلىك يۇمىلاق شەكىللىك قۇببە ۋە پەلەككە تاقاشقان، ئېگىزلىكى 85 مېتىر كېلىدىغان ئەزان مۇنارى پەشتىقىدىن ئىككىسى بار ئىكەن. مەسچىت ئۈستىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىسا قاھىرەنىڭ پۈتكۈل مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بۇ مەسچىت قاھىرەنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك ئىمارىتى ھېسابلىنىدىكەن.

27 ـ يانۋار، بىز مېمپىستىكى ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. مېمپىس نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قاھىرەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مىتىراسىن كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3100 ـ يىلىدىن باشلاپ قەدىمكى مىسىرنىڭ پايتەختى بولغان، ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مىسىرنىڭ دىن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەشھۇر شەھىرى بولۇپ كەلگەن ۋە ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل پايتەخت بولۇپ ھېسابلانغان. ھازىر سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ئۇ يەردە قېپقالغان بىر كىچىك مۇزېي ۋە گۈللۈكتىكى بىر نەچچە پۇچۇلغان ھەيكەلنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىكەن. مېمپىس مۇزېيى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك مۇزېي بولىسا كېرەك، ئۇنىڭدا رامېسىنىڭ ئۆگدىسىغا ياتقان تاش ھەيكىلى بار ئىكەن. بۇ ھەيكەل بىر پۈتۈن قورام تاشتىن خېلى نەپىس تاراشلانغان بولۇپ، ھەيكەلنىڭ كۆزى ۋە ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. ھەيكەلنىڭ ئىككى پۇتى ۋە بىر قولى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە ئاجراپ كەتكەن، 3000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تاش ھەيكەلدىكى خەتلەرنى ھېلىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. مۇزېي قورۇسىدا يەنە شىر تەنلىك ئادەم يۈزلۈك سفىنكس ھەيكىلى بولۇپ، گىزا تۆپىلىكىدىكى مىسىرنىڭ شىر تەنلىك ئادەم ھەيكىلىدىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ھەيكەل ھېسابلىنىدىكەن. قورۇ ئىچىدە سەيلە ـ ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان يايمىلارمۇ بار ئىكەن. بىز ئاپتوبۇس بىلەن مېمپىسنىڭ يېنىدىكى سەققارەگە باردۇق. ئۇ يەردە 3200 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە پەلەمپەيسىمان ئېھرام بار ئىكەن. بۇ ئېھرام ئالتە قەۋەت پەلەمپەيلىك بولغاچقا، پەلەمپەيسىمان ئېھرام دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئېھرام پۈتۈنلەي تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 60 مېتىر كېلىدىكەن، جىسا ئېھرامىدىن خېلى كىچىك ئىكەن. بۇ ئېھرام مىسىر سەنئىتى شەكىللەنگەن دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن.

چۈشتىن كېيىن، بىز قاھىرەنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىكى گىزا تۆپىلىكىگە جايلاشقان داڭلىق مىسىر ئېھراملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. مىسىر ئېھراملىرى بۇنىڭدىن 4500 ـ 4700 يىل بۇرۇن ياسىلىشقا باشلىغان، ئېھراملار مىسىر پىرئەۋنلىرى (پادىشاھلىرى) ۋە خانىشلىرىنىڭ قەبرىگاھىدۇر. ئېھراملار قورام تاشلارنى ماتېرىيال قىلىپ تراپېتسىيە شەكلىدە قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ شەكلى خەنزۇچە (金) خېتىگە ئوخشىغاچقا خەنزۇچىدە «金字塔» (ئالتۇن خەت شەكلىدىكى مۇنار) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مىسىردا ھازىرغىچە چوڭ ـ كىچىك 100 نەچچە ئېھرام بايقالغان بولۇپ، بۇلاردىن گىزا تۆپىلىكىدىكى ئۈچ ئەۋلاد پىرئەۋنىنىڭ ئېھرامى ئەڭ داڭلىق ئىكەن. خوف ئېھرامى، خافرا ئېھرامى ۋە مىنقارا ئېھرامىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئېھرام مىسىر ئېھرام مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدىكەن. «دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بىرى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ ئېھراملار مىسىر تۆتىنچى سۇلالىسىنىڭ 2 ـ پىرئەۋنى خوف ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2670 ـ يىلى) دە بىناقىلىنغان، خوف ئېھرامىنىڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدە 146.59 مېتىر بولۇپ، بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىدە ھازىرقى ئېگىزلىكى 136.5 مېتىرغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. مۇنارنىڭ تۆت قىيپاش يۈزى شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە ئۇدۇل




www.uygurkitap.com

كېلىدىكەن. مۇنارنىڭ تەكتى تىراپېتسىيە شەكلىدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 230 مېتىر ئىكەن. ئېھرام ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5 توننا كېلىدىغان 2 مىليون 300 مىڭ پارچە قورام تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، دەلىللىنىشچە، ئۇنى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى 20 نەچچە يىلدا بىنا قىلغان ئىكەن. بىز كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن ئىككى سائەتلىك بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قاھىرە خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىنى كۆرگىلى باردۇق. ئۇ يەردە ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن يەرمەنكە خادىملىرى يەرمەنكە يايمىسىنى رېمونت قىلىش، كىتاب ئىشكاپلىرىنى زىننەتلەش، كىتابلارنى تىزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بولۇپ، 29 ـ يانۋاردىكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ يەردە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمە ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ كۆرگەزمە ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتۇق. مۇشۇ كېتىش بىلەن قاھىرەدە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مەقسىتى ھەم ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى بولغان خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشالماي قالىدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەن ئىدۇق.

27 ـ يانۋار كەچقۇرۇن، بىز ئايروپىلان بىلەن مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى يەنە بىر مەشھۇر تارىخىي، مەدەنىيەت شەھىرى لۇكسور (Luxor) غا باردۇق. لۇكسور قاھىرەنىڭ جەنۇبىدىن 700 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۇ مىسىردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى مەركەزلەشكەن سەيلە ـ ساياھەت ئورنى بولۇپ، مىسىردىكى قەدىمكى مەشھۇر دېبىسنىڭ جەنۇبىي يېرىم بۆلىكىدىكى خارابىلىككە جايلاشقان ئىكەن. دېبىس قەدىمكى مىسىرنىڭ ئوتتۇرا سۇلالە ۋە يېڭى سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ، 4000 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇ نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن ھالقىغان بولۇپ، «100 دەرۋازىلىق شەھەر» دەپ تەرىپلىنىدىكەن. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆزگىچە بىر مېھمانسارايغا چۈشتۇق. بۇ مېھمانساراي ئىككى قەۋەتلا بولۇپ، ئەتراپىدا چىرايلىق خورما دەرەخلىرى بار ئىكەن. 28 ـ يانۋار ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئەتراپتىكى خورما دەرەخلىرىدە قۇشلار ۋىچىرلىشىپ سايرىشىۋاتقانلىقىنى، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ئۇ يەرنىڭ باشقىچە تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. بىز نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى شاھىنشاھ پادىشاھلار جىلغىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ جىلغا نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دەريا قىرغىقىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. بۇ يەردە 70 نەچچە شاھىنشاھ، پادىشاھنىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇ قەبرىلەرگە مىسىرنىڭ 17 ـ سۇلالىسىدىن 20 ـ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارلىقتا ئۆتكەن 64 پىرئەۋن دەپنە قىلىنغانىكەن. بىز ئۇلاردىن ئۈچ قەبرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق:

تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ قەبرىلەر پۈتۈنلەي پىچەتلەنگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغىلا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. غايەت زور قىيا تاش ئۆڭكۈرىدىن ھەشەمەتلىك يەر ئاستى قەسىر ياسالغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن نەچچە يۈز مېتىر، چوڭقۇرلۇقى نەچچە ئون مېتىر كېلىدىكەن. شۇ چاغدا تېمپېراتۇرا 35C° بولۇپ، ھاۋا خېلى ئىسسىق ئىدى. لوكسۇر سەيلە ـ ساياھەت مۇقەددەس شەھىرى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ، ئۇ يەردە سەيلە ـ ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم دېڭىزى شەكىللەنگەنىدى. بىزمۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتۇق. پىژغىرىم ئىسسىقتا بەدىنىمىزدىن چىپ ـ چىپ تەر ئاقسىمۇ، ئۆڭكۈرگە كىرگەن ھامان سالقىنداپ قالاتتۇق. ئۆڭكۈرنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاش جىرالىرىدىكى تەسۋىرىي يېزىقلارمۇ ھېلىلا يازغاندەك ناھايىتى ئېنىق ئىدى. تام رەسىملىرى نەپىس، رەڭدار، كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇلارغا قاراپ كىشىلەر بۇ تام رەسىملىرى ۋە تەسۋىرىي يېزىقلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىغا 4000 يىلدىن كۆپرەك بولغانلىقىغا ھەيرانۇ ھەس قالىدىكەن ۋە بۇنى ئەقىلگە سىغدۇرالمايدىكەن. مەن خۇددى 4000 يىللىق تارىخىي مۇساپىنى قايتا باشتىن كەچۈرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم.

چۈشتىن كېيىن، بىز كاناكا ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. بۇ ئىبادەتخانىنى قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرى قۇياش ئىلاھىغا ھەدىيە قىلغان ئىكەن. تەبىئەت ئىلاھى ۋە ئاي ئىلاھلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئىكەن، ئىبادەتخانا دەرۋازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 38 مېتىر بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىكەن، ئىلاھ ئىبادەتخانىسىغا كىرىش ئېغىزىدا بىر قاتار تاش قوچقار ھەيكىلى بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى مىسىرلىقلار قوي گۆشى ئادەملەرگە ئۇزۇق، قوي تېرىسى ئىسسىقلىق ئاتا قىلىدۇ دەپ قارىغاچقا، قويغا چوقۇنغان ئىكەن. ئاساسلىق قەسىر ھەيۋەتلىك، مەزمۇت بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن




5000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك ئىكەن. ئۇنىڭ 16 قۇر 134 تال يوغان، يۇمىلاق تاش تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ ئېگىز 12 تال تۈۋرۈكنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قۇياش ئىلاھىنىڭ ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك رەسىملەرنىڭ ئىزنالىرى بار ئىكەن. ئىبادەتخانا ئىچىدە ئۇچلۇق تاش ئابىدە، قورام تاش ۋە ھەيكەللەر ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئىلاھ ئىبادەتخانىسىدىكى تاش ئابىدىلەردە قەدىمكى مىسىرلىقلار قوللانغان تەسۋىرىي يېزىق بىلەن ئويۇلغان تارىخىي ھېكايىلەر بار ئىكەن. كاناكا ئىلاھ ئىبادەتخانىسى دۇنيادىكى ئەڭ كۆركەم، قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. لۇكسور قاھىرەدىن خېلىلا كىچىكرەك، نەپىس، پاكىز، رەتلىك بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق مۇزېي، «ئوردا، قەسىر شەھىرى» دەپ تەرىپلىنىدىكەن، شۇڭا مىسىرلىقلار دائىم «لۇكسورغا بارمىسا مىسىرغا بارغان ھېسابلانمايدۇ» دېيىشىدىكەن. مەنمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ شۇنداقلىقىنى ھېس قىلدىم. نىل دەرياسى لۇكسورنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىدىكەن. قەدىمكى مىسىرلىقلار ئادەمنىڭ ھاياتى قۇياشقا ئوخشاش شەرقتىن چىقىپ، غەربكە زاۋال تاپىدۇ، دەپ قارىغاچقا، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئىلاھ ئىبادەتخانىلىرى ۋە مەھەللىلەر، دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولسا پىرئەۋن ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىلىرى بار ئىكەن. شۇڭا بۇ شەھەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى رايون شەكىللەنگەن ئىكەن.

كەچقۇرۇن شەرقىي لۇكسور رايونىغا قايتىپ كېلىپ، شەھەر رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، سەنئەت بۇيۇملىرى ماگىزىنلىرىغا كىردۇق. ماگىزىنلاردا ئىبرام، نىل دەرياسى ۋە لوكسوردىكى ئىلاھ ئىبادەتخانىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تۈرلۈك دەرەخ قوۋزىقى رەسىمى ۋە قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپ، كىشىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىكەن. مەن ئىبرام ۋە نىل دەرياسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان شەپەقتىكى بىر نەچچە تۆگىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن دەرەخ قوۋزىقىنى خاتىرە ئۈچۈن سېتىۋالدىم.

بىز يەنە لۇكسور چىراغ ئىبادەتخانىسىنى كۆردۇق. كەچتە پويىز بىلەن قاھىرەگە قايتتۇق. مىسىر پۈتكۈل دۇنيا بويىچە ئەنگلىيەدىن قالسىلا ئىككىنچى تۆمۈر يول چوڭ دۆلىتى بولسىمۇ، 100 نەچچە يىل مابەينىدە تۆمۈر يول مىسىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئانچە زور نەپ بەرمىگەندەك قىلاتتى. مىسىردىكى پويىزلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى كونىراپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما پويىزدا ئەلا مۇلازىمەت قىلىنىدىكەن. مۇلازىملارنىڭ پوزىتسىيەسىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. مەن ئولتۇرغان ۋاگوندىكى يالغۇز كىشىلىك ئايرىم خانىدىكى كرېسلودا كۈندۈزى ئىككى - ئۈچ ئادەم ئولتۇرغىلى، كەچتە كرېسلونى كارىۋات قىلىپ ئۇخلىغىلى بولىدىكەن.

بىز كەچلىك تاماقنى يەپ بولغان بولساقمۇ، مۇلازىملار بەلگىلىمە بويىچە بىزگە يەنە كەچلىك تاماق ئەكىرىپ بەردى. ھەربىر ئايرىمخانىدا يۈز يۇيۇش، چىش چوتكىلاش ئورنى بار ئىكەن. تاڭ سەھەردە مەن ۋاگون دېرىزىسىدىن يول ياقىسىنىڭ مەنزىرىسىگە سەپسالدىم. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېتىزلار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئادەتتىكىچە ئىكەن. بىز مۇلازىملار ئەكىرگەن بولكا، سېرىق ماي، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىق مول ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇشىمىزغا پويىز قاھىرەگە يېتىپ كەلدى. بىز مىسىرغا بېرىپ ئالېكساندرىيە شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان چاغدىلا، قاھىرەدە كىچىك كۆلەمدە نامايىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئەمدىلىكتە ۋەقە زورىيىپ كەتكەچكە، قاھىرەدە كەچقۇرۇن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈۋېتىپتۇ. ئورۇنلاشتۇرۇشقا

www.uyghurkitap.com



ئاساسەن، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن جەزمەن مېھمانخانىغا قايتىشىمىز زۆرۈر ئىدى. بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس نىل دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۈۋاتقاندا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي دېموكراتىيە پارتىيەسى باش ئىشتابى بىناسىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. كوچىلاردا بىرونېۋىك ۋە ھەربىي، ساقچىلاردىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىز ئۈگۈشلۈق ھالدا مېھمانخانىغا كېلىۋالدۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، تېلېۋىزىيە ئېكرانىنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈنۈشىدىن قاھىرە شەھرىدىكى ئازادلىق مەيدانىدا كىشىلەرنىڭ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانلىقىنى، بىرونېۋىكلار بىلەن كىشىلەر توپىنىڭ تىركىشىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ شوئار تۇۋلاپ، نامايىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەتىسى بىز ئالماساخ مېھمانخانىسىدا بىر كۈن ئارام ئالدۇق. پاراكەندىچىلىك سەۋەبىدىن، مىسىر مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلالمىغانلىقىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇق. 30 - يانۋار ئەتىگەندىلا بىز ئايرودرومغا قاراپ يولغا چىقتۇق. چۈنكى سائەت سەككىزدىن باشلاپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئايرودرومغا بېرىۋېلىشىمىز زۆرۈر ئىدى. بىز قاھىرە ئايرودرومىدا توپتوغرا 10 سائەت ساقلىدۇق. بىز ئاخىرى ئايروپىلانغا چىقىپ، دۇبەي ئارقىلىق 31 - يانۋار بېيجىڭغا قايتىپ كەلدۇق. مىسىر زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەسلىمە ئېچىدىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولۇشقا باشلىدى:

قاھىرە ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب رايونىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، ئاھالىسى 20 مىليوندىن ئاشىدىكەن. ئۇ مىسىرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى زىيادە تېز بولغاچقا، يېرىك پىلان، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتتە نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر ئايرىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە زامانىۋى بىنالارمۇ، ھەر خىل شەكىلدىكى كونا ئۆيلەرمۇ بار ئىكەن. شەھەرلەردىكى ئەخلەت دۆۋىلىنىپ كەتكەن ۋە قالايمىقان تاشلانغان ئىكەن. بىز شەھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە بۇلۇڭ - بۇچقاقلىرىدا خۇسۇسىيلار سالغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى، ئۆگزىلىرىنىڭ يېپىلمىغان، پولات چىۋىقلارنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئۆي سالغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆي ئايرىغاندىن كېيىن ياپىدىكەن. بىز قاھىرەدىكى چېغىمىزدا نەچچە ئون قېتىم شەھەر رايونىغا كىرىپ - چىقتۇق. بۇ جەرياندا پىكاپلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نىمكەش پىكاپلىقىنى، قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆردۇق. مىسىرنىڭ دۆلەت زېمىنى 1 مىليون 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 95% ى قۇملۇق ئىكەن. زېمىنىنىڭ 4% نى تەشكىل قىلىدىغان بوستانلىق 99% ئاھالىنى باقىدىكەن. قارىشىمچە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاھالىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەسلىكى مىسىردىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

مىسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى، ئۇنىڭ 6000 يىلدىن كۆپرەك يازما تارىخى بار. يېقىنقى 1000 يىلدىن بېرى گرېتسىيە 300يىلدىن كۆپرەك، رىم 600 يىلدىن كۆپرەك مۇستەملىكە قىلغان. مىلادىيە 641 - يىلى ئەرەبلەر بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مىسىر پەيدىنپەي ئەرەبلەشكەن ۋە ئىسلاملاشقان. 1517 - يىلى، تۈركىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، 400 نەچچە يىل تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. 1882 - يىلى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ مۇستەقىل بولغانغا قەدەر ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن تىرىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە خېلى يۈكسەلگەن. 2010 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا

كېلىدىغان 1754 GDP ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىسىرنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا بىر قەدەر ئاستا بولۇپ كەلدى. مېنىڭچە، ھازىرغىچە مىسىرنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپالماسلىقى مىسىر تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

25-يانۋار ئالېكساندىرىيە شەھرىدە ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان مەزگىلدە قاھىرە قاتارلىق بىر قانچە شەھەردە نامايىش بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن 28-يانۋار لۇكسوردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۇق. ئەسلىدە، 25-يانۋاردىن باشلاپ قاھىرە شەھەر مەركىزىدىكى ئازادلىق مەيدانىغا يىغىلغان نامايىشچى ئامما بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۆلۈم-يېتىم بولغانىكەن. مىسىردىكى بۇ قېتىملىق پاراكەندىچىلىككە 2008-يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن بۇيان مىسىردىكى پۇل پاخاللىقى%20.2 كە يەتكەنلىكى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشسىز قالغانلىقى، مۇبارەك زۇڭتۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر قاتار ئىجابىي، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى ئوبيېكتىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە نوپۇز سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھوقۇقنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش نىسبەتەن ئېغىرلىشىش، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، چىرىكلىك ھادىسىلىرى كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئاممىنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ئوت پىلتىسى بولغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا %40 مىسىرلىق نامراتلىقتا ياشايدىكەن، %80 مىسىرلىق تۆۋەن كىرىملىكلەرگە مەنسۇپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تۇنىستىكى دۋالغۇش ۋە خەلقئارا ئىنتېرنېت تورىنىڭ سەلبىي تەسىرى قاتارلىقلارمۇ ئاۋامنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر قىلغانىكەن.

مىسىردىكى پائالىيىتىمىز توققۇز كۈنلا بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى سەپەر ئارقىلىق بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى. بىلىمىمىز تولۇقلاندى. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ھەقىقەتەن مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەنگە يەتمەيدىكەن. مىسىرنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندا كۈچلۈك دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىشى جەھەتتە جۇڭگوغا ئىنتايىن ئوخشايدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقى بار ئىكەن. مىسىر ئېلىمىزدىن 4 يىل كېيىن يەنى 1953 - يىلى 18- ئىيۇن مۇستەقىل بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ئەھۋالىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىكەن. بىزدە كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم بار. ھازىرقى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىز ۋە خەلقئارا ئورنىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلدۇ. مەن يەنە شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تولۇقلىغاچقا، ئۇنى تولىمۇ قەدىرلەشكە توغرا كېلىدۇ. تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق ئاسان قولغا كەلمىگەن. بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز لازىم. مىسىردىكى زىيارىتىمىزنىڭ ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، مەن ھامان بالدۇرراق ۋەتەنگە قايتىشقا تەقەززا بولدۇم. ئېھتىمال بۇ تەقەززالىق يەنىلا ۋەتىنىمىزنىڭ باياشاتلىقى، يۇرت - ماكانىمىزنىڭ ياخشىلىقىدىن بولسا كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئېلىمىز ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەسى ۋە شارائىتى مىسىرنىڭكىدىن ياخشى بولغانلىقى، مېنى بېقىپ تەربىيەلىگەن ئانا تۇپراقنىڭ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقى، ئانا يۇرتۇمنىڭ ماڭا تولىمۇ ئىللىق تۇيۇلغانلىقىدىن بولغان تەقەززالىق بولسا كېرەك.

2011-يىلى 26-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم؛ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى: گۈلزار ھېسامىدىن (تەكلىپلىك).




www.uyghurkitap.com

سەت قاراڭغۇلۇق دەسلەپتە دېرىزىدىكى ئەينەكلەرگە چاپلاشتى. ئىللىق شامالنىڭ پەپىلىشى بىلەن كۆزلىرىنى ئېچىشقا باشلىغان دەرەخ شاخلىرىدىكى بىخلار مۇتتەھەم قاراڭغۇلۇقنىڭ يامىشىشى بىلەن چىرايلىق كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. مەن ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرمىدىم. جاھان ئاچ كۆز قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاسارىتىدە بىر غايەت زور كۆمۈرخانىغا ئايلانغان ئىدى. مەن يەنىلا چىراغنى ياندۇرمىدىم. قۇياش بىلەن شۆھرەت تالىشىدىغان چىراغ يوللارنى، ئۆزىگە تەزىم قىلىپ تۇرغان شۇئىلارنى، ئالدىراش كېتىۋاتقان، لاغايلاپ كېتىۋاتقان، يىغلاپ كېتىۋاتقان ۋە كۈلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى سۆيۈۋاتاتتى. ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرغۇم كەلدى. لېكىن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، ئۆزۈمنىڭ بۇ پۇتىغا ئۆزۈم ئىگە بولالمىدىم، تېنىمنى بىر شەھەرنىڭ ئېغىرى بېسىۋالغاندەك مىدىرلىيالمىدىم. بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ يەنە دېرىزىگە قارىدىم، يۈزى قېلىن قاراڭغۇلۇق ماڭا يالماۋۇزدەك قاراپ تۇراتتى. قولۇم ئىختىيارسىز ئۈستەلدىكى رادىيونىڭ كۇنۇپكىسىغا تېگىپ كەتتى. مۇزىكا قاراڭغۇ ئۆينى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى. ئادەمنىڭ سىرلىق مەنىۋىيتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان جىندەك سەت قاراڭغۇلۇق كانىيىمنى سىقىۋالدى. مەن نەپەس ئالالماي قالدىم. چۆچۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئادەملەر دېگىنىزدىن قورقۇپ كەتتىم، رادىيودىكى مۇڭلۇق ناخشىلار مېنى ئازاب قايىنىمىغا سۆرەپ كەتتى. مۇشۇ دەقىقىدە مەن ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوق ئىدى. ئادەملەرنىڭ «كېسەللىك» تەگكەن مەنىۋىيىتىنى داۋالاش ئۈچۈن كەشىپ قىلغان رادىيو مېنى كېسەل قىلىپ قويدى. باھاسى چۈشكەن ئېلان توختىدى. چىرايىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىز خەۋەر ئوقۇۋاتاتتى. يېقىن ئۈچۈر مېنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

روھلاندىم. شۇنداقلا يەنە ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. بۈگۈن «8-مارت ئاياللار بايرىمى» تۇرسا، مەن نېمە ئۈچۈن بايرامنى ئۇنتۇپ قالدىم، دەپ ئۆزۈمنى تىللىدىم. ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقتىم، مۇتتەھەم قاراڭغۇلۇق ماڭا دەرھال چاپلاشتى. ئۇ ئىللىق شامال ئېلىپ كەلگەن باش باھارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ھەدەپ يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەت كۆزلىرى قەدەملىرىم ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. شامال يىراق يەرلەردىن ئېلىپ كەلگەن تەتۈر سالاملىرمۇ ماڭا ئەگەشتى. يولدا چېچىلىپ ياتقان چىراغلار شەيتاننىڭ يۈرىكىدەك مەغرۇر پارقىرايتتى. مەن شەھەرلىك دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر-بىرىگە ئېگىلىپ سۆيۈشۈۋاتقان شۇئىلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە سالام بەرگىلى كەلگەن پەسىل قۇشلىرىنىڭ تىلەكلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر يىگىت نومۇسسىز قاراڭغۇلۇقنىڭ ياقىچىلىق قىلىشى بىلەن بىر قىزنى دەرەخكە يۆلەپ تۇرۇپ يۈزلىرىنى يالاۋاتاتتى. يولۇچىلار ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ كېتىۋاتاتتى. قىزنىڭ سىرلىق، تاتلىق، شەيتانلارچە خۇلق چىقىرىشلىرى مېنىڭ مەنىۋىيىتىمنىمۇ غىدىقلاپ قويدى. مەن يەنە ئۆزۈمنى تىللىدىم، نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك بۇنداق ياخشى كۈننى قولدىن بېرىپ قويدۇم، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم.

دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى گۈل-گىياھ بازىرى شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ گۈل بازىرى ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىن دۇكانىنىڭ ئىچىدىكى گۈللەر كۈلۈشۈپ تالادىكى بىزەڭ قاراڭغۇلۇقنى مەسخىرە قىلىپ تۇراتتى. مەن ئەڭ چوڭ بىر دۇكانغا كىردىم، رەڭگارەڭ گۈللەر ئالدى بىلەن يۈرىكىم بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار جەننەتتىكى قۇياش نۇرى ئىچىدە ئېچىلىۋاتقاندەك خاتىرجەم ئىدى. گۈلچى قىز مېھماننىڭ قېشىغا كېلىپ كۈلدى. ئۇ ئەڭ ياخشى ئەرنىڭ يانچۇقىدىكى ناۋاتتەك تاتلىق، ئەتىردەك خۇش پۇراق، پۇلدەك يېقىملىق ئىدى. مەن ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايلىق كۆكسىگە قارىدىم، بۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، يۈزلىرىدىن لەۋلىرىدىن قالسا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ سىرلىق يېرى ئىدى. ھە دېگەندە مېنىڭ كۆزۈم راھەتلىنىپ قالدى. مەن كۆڭلۈمدىكى

ئەدەبىيات گۈلزارى

قىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، گۈلچى قىزنىڭ كۆك كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېغىزنىڭ ئورنىدا سۆزلەيتتى، يۈرىكىمنى بۇلبۇلغا ئايلاندۇرۇپ سايرىتاتتى. قوللىرىمنى ئىختىيارسىز ئوينىتىۋېتەتتى. لەۋلەر لەۋلىشىپ، كۆزلەر كۆرۈشۈپ، قوللار قولدىشىپ كېتەتتى. گۈلچى قىز مېنىڭ خاتىرەمنى گۈللەر ئۈستىگە يېيىۋەتتى، مەن تىرىشىپ گۈللەر ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ گۈللىرىنى ئىزدىدىم، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ دېتاللىرى ۋاراقلىنىپ، سۇلىرى، ئوتلىرى، غازاڭلىرى دېگەندەك ھەممە نەرسىلەر بىر دەستە ئەتىرگۈلنىڭ ئۈستىگە يىغىلدى. گۈلچى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ بىر دەستە ئەتىرگۈلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. گۈلنىڭ غولىغا يۆگەلگەن چىرايلىق رەڭگارەڭ قەغەزلەر ياخشىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدىغان تۈلكە مىجەزلىك ئادەملەردەك سۈنئىي، بەك سۈنئىي كۆلۈپ تۇراتتى. گۈلچى قىزنىڭ قولىدىن گۈلنى ئالغۇچە، قەستەن ئۇنىڭ چىرايلىق قولنى تۇتۇۋالدىم ۋە كۆزلىرىگە قارىدىم. گۈلچى قىز مېنىڭ غالجىرلاشقىنىمنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تاتلىق كۈلكىسى غايىب بولدى. مەن ھەقىقەتەن ئەسكى، بولۇپمۇ چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەم ئۇلارنى چايناپ يۇتۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئەسكى، ئۇلارنى ئاسراپ سۆيۈشنى بىلمەيمەن. شۇڭا، مەن بۈگۈنكى بايرامدا بىر لەۋاغا ئايلىنىپ قالدىم. مەن دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم. گۈلچى قىز مېنى ئۇزىتىپمۇ چىقمىدى، ھەتتا خوشمۇ دېمىدى. مەن ئەسلىدە بۇ ئەسەبىيلەشكەن نىيىتىمنى داۋالىيمەن دەپ گۈل ئىگىسىنىڭ كۆزىگە قارىغانىدىم. قانداق قىلسام ئادەم بولارمەن؟ تۇرمۇشۇم مۇشۇنداق كېتىۋېرەرمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قىممەت قارىشىمدىن باياتقىدەك رەڭگارەڭ گۈللەر پەيدا بولمايدۇ؟ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نان يەيمەن، لېكىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇلاردەك بالدۇرلا، ھېچ بولمىغاندا بىر كۈن ئاۋۋال ئايالىلار بايرىمىنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيمەن؟

مەن دۆت ئىكەنمەن! ئەمىسە، بۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟ مۇشۇ يىللاردا مەن كىم بىلەن، نېمە بىلەن ھۆزۈرلىنىۋاتىمەن؟ مېنى كىملەر ئادەم قىلغان، يەنە كىملەر ئەسكى قىلىۋەتتى؟ ئەينەككە قارىسام ئۆزۈمنى بىلەلمىدىم، پۇلغا سېتىۋالغان ئەينەك مېنىڭ ۋىجدانىمغا باھا بېرەلەمدۇ؟ ئەڭ بولمىغاندا مەن بۇرۇنقى مەن ئەمەس، مەن لاتىلىشىپلا قالماي ھەم داتلاشتىم. مەن ئوڭ قولۇمدىكى گۈلنى سول قولۇمغا بەردىم. ئەسلىدە ئوڭ قولۇمدا قىلغان ئىشىمنى سول قولۇمغا چاندۇرمىسام بولاتتى، ئامال يوق، بۈگۈنكى بايرام ئۈچۈن، بىر يېرىم ئېچىلىپ قالسىمۇ مەيلى ئىدى. چىرايلىق ھەم چىرايلىق سايرايدىغان يانفونۇم شەيتاندەك كۆرۈمسىز قاراڭغۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن يەنە چاكىنا، ئېپلاس، نومۇسسىز قولۇمغا چىقتى. مەن ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم، ئۇلاندى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يۈرىكىمدە بىر ئىستاكان ئىسسىق سۈتكە ئايلاندى، ئاغزىم كۈلۈشكە باشلىدى، مەن ئۇنىڭ بايرىمىنى مۇبارەكلىدىم، ئاندىن كۆرۈشەيلى، دېدىم. ئۇنىڭ جاۋابى تېخى ھېلىلا يۈرىكىمنى ئويناتقان بىر ئىستاكان سۈتنى مۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ باشقىلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ، ئىشلار جايىدا ئىكەن، بۈگۈنكىدەك، ئاياللار پەرىشتىگە ئايلىنىپ ئۇچىدىغان ئۇلۇغ كۈندە، ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەرنىڭ چىرايى، پۇلى ھەم ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇقىمۇ ئەمەس، ئەكسىچە كۆڭۈل، پەقەت كۆڭۈللا ئادەم بىلەن ئادەمنى ئۇچراشتۇرىدۇ، ئادەم بىلەن ئادەمنى قۇچاقلاشتۇرىدۇ. «تېلېفون قىلغىنىڭىزغا رەھمەت» دېدى ئۇ. مەن سول قولۇمدىكى گۈلگە قارىدىم، قاراڭغۇلۇق گۈللەرگە غالجىر ئىتتەك يېپىشىپ بولغان ئىدى. گۈلدە نېمە گۇناھ؟ ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە، مەن زادى قانداق ئادەم؟ مەن ياخشى كۆرگەن ئاشۇ قىزلار نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟

مەن ئىككىنچى قىزغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ شەيتانلارچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ۋە چاچلىرى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزى سەت، لېكىن قىلىقى چىرايلىق ئىدى. ئۇ شوخ، ئەركىن - ئازادە، خۇددى ئەرلەر ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئىدى. بۇنداق دېگىنىم، ئۇ ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ جىنى بىلەنمۇ چىقىشىپ كېتەتتى. سىزنى سۆزلەتمەيتتى. ھەممە ئىشتا سىزنى رازى قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۈگۈنكى جاۋابى مېنى يەرگە قاراتتى، بۇغدىيىدىن ئايرىلىپ قالغان ئېتىزلىققا ئوخشاش سەتلىشىپ كەتكەن قاراڭغۇلۇق مەن دەسسەۋاتقان زېمىننى ئېزىقتۇرۇۋاتاتتى. «كېچىكىپسىز جېنىم، مەن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدۇم» دېدى.

مۇشۇ يىللاردا مەن نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئالدىدا مېڭىپ كەلگەنىدىم، لېكىن بۈگۈن، ياق، بۇ يىللىق ئاياللار بايرىمىدا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يىغى يوق يېتىمدەك ئېزىلىپ يۈردۈم؟ مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق دۆت بولۇپ قالدىم؟ بۇنىڭ يىلتىزى زادى نېمە؟

مەن ئۈچىنچى قىزغا تېلېفون قىلدىم، گەپنى گۈلدىن باشلىدىم. مەن ئۇنىڭغا: «مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ خۇش پۇراق ئەتىرگۈلگە ئىگە بولالىدىم، ئەلۋەتتە بۇ سىز ئۈچۈن» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ ماڭا مۇشۇنداق كۈلۈپ بېرەتتى. ئىشخانامغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مېنى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا باغلاپ بولغاندىن كېيىن چاقچاقنىڭ پەدىسىنى يۆتكەپ، ئالامەت يۇمۇرلارنى كەينى-كەينىدىن ياغدۇرۇۋېتەتتى. ئاندىن سومكىسىدىن ئىلتىماسنى چىقىرىپ ماڭا قول قويدۇرۇۋالاتتى. مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ بولدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ مەندىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى، ئاندىن ئاشۇنداق تاتلىق كۈلۈپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى، ئۇ بۈگۈنمۇ تېلېفوندا ئەنە شۇنداق ئەركىلەپ قىلىقىنى باشلىدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقىنى ياخشى كۆرەتتىم. ماڭا ئۆزى ئەمەس، پەيزىسى ياقاتتى. ئۇ: «سىزگە پۈتۈن مەن كېرەكمۇ ياكى يېرىم مەن كېرەكمۇ؟» دېدى. مەن كۈلدۈم ۋە: «نېمە

www.uyghurkitap.com

دېگىنىڭىز بۇ» دېدىم، ئۇ «مەن ھازىر يېرىم، بىر قىسمىمنى يەنە بىر ئەرگە بېرىپ تۇردۇم، كۆڭلۈمنى سىزگە. ئۆزۈمنى ئىككىگە بۆلدۇم» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىلىغان تەرخەمەككە ئوخشاش سولىشىپ كەتتىم. تېلېفونۇمنى قارنى يامان يانچۇقۇمغا سېلىۋەتتىم ۋە خالىغان تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. تىلى شېكەر، دىلى زەھەر قاراڭغۇ مېنى يەنە بىر قېتىم يەرگە قاراتتى. مەن چىرايلىق قىزلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە قولۇمدىكى گۈلگە قاراپ قويدۇم. ئۇلار يەنىلا ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. ئەجدادى ئاتا قىلغان شەرم-ھاياسى، ياخشى مىجەزى بىلەن ماڭا قاراپ قوياتتى. ئۇلار مېنىڭ خاتىرەمنىڭ ئەڭ ئاچچىق بەتلىرىنى ئېچىشقا باشلىدى. خاتىرەمدىكى قۇرلار مېنىڭ رەسۋا ئىرادەم بولغان ئاشۇ مەخپىي تارىخىمنى سىرلىق قەغەز يۈزىدە تۇتۇپ تۇراتتى. ماقۇل، مېنى مەقسىتىگە يەتتى دەيلى، لېكىن قولۇمدىن كەتكەن نەرسە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمدۇ؟ ئالىقاندەك بىر پارچە نانغا تويىدىغان قارنىمغا چاپلىماقچى بولغان قۇرۇق ئابرۇي ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ مەن بىسمىللا دەپ قولۇمغا نان ئالىدىغان كۈنلىرىمنى، ئۇلۇغ بىلىدىغان تۇزۇمنى نېمىگە تېگەشتىم؟ مەن ئۇنىڭغا ئىقرار، مەن بۇرۇنقى مەن ئەمەس، ئەمدىكى گەپ، مەن ھازىرقى ئۆزۈمنى ھەقىقىي بىلىشىم كېرەك! مەن باغنىڭ ئىچىدىمۇ ياكى باغنىڭ سىرتىدىمۇ؟ مەن ئادەمنىڭ قوينىدىمۇ ياكى شەيتانىنىڭمۇ؟ مانا ئەمدى، بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇشۇ بولۇپ قالدى.

مەن مەيدانغا كەلدىم. مەيداندا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەممە ئادەم «8-مارت ئاياللار بايرىمى»نىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، رېستورانلاردا، دەريا بويلىرىدا، ئۆيلەردە، ئوچاق بېشىدا ئىشقىلىپ ئادەملەر بار يەردە ھەممە گۈللەر ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلىۋاتاتتى، ھەممە ياخشى تىلەكلەر ئاياللارنىڭ قۇلىقىدا، كۆكسىدە. بەزىدە ئۇلارنى ئالدىراپ ئازدۇرۇۋاتاتتى. نەۋرە-چەۋرىلىرىگە ھەم ئەۋرىلىرىگە ئاتىلىپ كەتكەن ياخشى سۆزلەر ئاياللار بايرىمىدىلا ئەمەس، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ مۇنچىسى يوق ئۆيلەردە نامەھرەم، يامان ئىش قىلىپ يۈرگەن ئىدى. مەن مەيداندىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم، بۇنىڭ چېتىدىكى چىراغلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا مەيداندىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن تىللىشىۋاتاتتى، قاراڭغۇلۇق: «توك سىمىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىلىۋاتقىنى مەن، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ تەرىپىمنى قىلمايسەن» دەپ ئۇنى ئاۋارە قىلاتتى. مەن ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئەتىرگۈلۈمنى تۇتۇپ كىشىگە ياخشىلىق قىلمايدىغان قاراڭغۇدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

مەن نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە ئويلاندىم. شۇنىڭدىمۇ يورۇق بىر جاھاننىڭ دەرۋازىسىنى ئاچالمىدىم، قالايمىقانچىلىقتا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بۇ يوللار ماڭا بەكمۇ تونۇش يوللار ئىدى، لېكىن مەن بۈگۈنكى بايرامنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم، جان باقتى شامال يەنىلا ماڭا ئەگىشىۋالدى. ئۇنىڭ سۆيۈشلىرى بىگىزگە ئايلاندى، بۇ بىگىز مېنىڭ يۈرىكىمگە قادىلىۋالدى.

دوقمۇشقا كەلگەندە، مەن ياشانغان بىر ئايالغا ئۇچرىدىم، ئۇ ئايال ئانامغا شۇ قەدەر ئوخشايتتى. چىراغ نۇرلىرى ئاستىدىكى بۇ ئايال شۇقەدەر سالاپەتلىك ئانا ئىدى. مەن بۇ ئانىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم، كاللام لاپ قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى، مەن قولۇمدىكى گۈلنى بۇ ئانىغا تۇتتۇم، ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلنى ئالدى. ئۇ ناھايىتى مېھرىبان ئاھاڭ بىلەن: «رەھمەت بالام» دېدى. مەن كۈلدۈم. بىردىنلا ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، مېنىڭ يەلكەمنى بېسىپ كېلىۋاتقان تاغدەك غايەت زور ئېغىرچىلىق يوقاپلا كەتتى. بۇ ئۇلۇغ ئانا: «بەختلىك بول بالام، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن» دەپ مەن ئۈچۈن تىلەك تىلەپ يولىغا ماڭدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. ئۆزۈمدىكى يامانلىقنىڭ، غەيرىيلىكنىڭ يىلتىزىغا ھەقىقىي يەتتىم، مەنىۋى دۇنيايىمنىڭ تارىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان سىرلىق ئارغامچىسىنى چېتىك تۇتۇۋالدىم، مەن بەخت قوينىدا ياشاۋاتىمەن، دەپ چېكىدىن ئاشقان نادانلىق ئىچىدە تولغىنىپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ! تۇۋا ئانا، گۇناھىمدىن كەچكەيسەن. مەن نام-شۆھرەت ئۈچۈن، مال-دۇنيا ئۈچۈن سېنى كۆلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا يىغلاتتىم. «بالام، ئۇنداق قىلما، بىر كۈنى تارتىپ قالىسەن!» دېسەڭ گېپىڭنى ئاڭلىمىغان ئىدىم. سېنىڭ سۆتۈڭدە چوڭ بولۇۋېلىپ سېنى زار قاقشاتقان. شۇڭا مۇشۇ يىللاردىن بېرى مەن ئەل-ئاغىنىسىز قالدىم، بۈگۈنكىدەك ئەڭ ياخشى كۈندە بىر قىزغىمۇ ئىگە بولالمىدىم، ئانا مېنى كەچۈر، ئەگەر مەن سەن كۆرسەتكەن يولدا ماڭغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە ئائىلىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. ئەڭ بولمىغاندا دوستلىرىم: «ئاداش ئەتە ئاياللار بايرىمى، قانداق قىلىمىز؟» دەپ ماڭا تېلېفون بولسىمۇ بېرىپ قويغان بولاتتى، مەن ئارىلىشىۋاتقان ئاشۇ قىزلارمۇ: «مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بايرىمىمىزنى قانداق تەبرىكلەيسىز؟» دەپ قويغان بولاتتى. ئانا! مەن ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا ئىگە بولدۇم دېگىنىم بىلەن، ئادەملەر ئاللىبۇرۇن مېنى تاشلىۋېتىپتۇ، مەن «مەڭگۈ كۈلىمەن» دەپ ئۆز يولۇمدا پەخىرلىنىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. بۈگۈن يىغلايدىغانلىقىمنى بىلمەپتىمەن، شۇڭا، مۇشۇ يىللاردىن بېرى مېنىڭ گۈلۈم گۈل بولمايۋېتىپتۇ، مېنىڭ قىممىتىم ئىككىنچى بىر ئادەم ئۈچۈن بىر تال غازاڭچىلىكمۇ زۆرۈر بولالماپتۇ، ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم قورساقى توق بولغىنى بىلەن مەنىۋى دۇنياسى چەكسىز جاڭگالغا ئايلىنىپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ ...

---

ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن



# رۇبائىيلار

ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن

1

ئەلگە خاس نەسەبنىڭ ئۇرۇقى بولغىن،
ئىلىمنىڭ زىياسى . يورۇقى بولغىن.
رىياكار زاھىتنىڭ نەپسى بولغىچە،
چىن ھالال دېھقاننىڭ مۇرتى بولغىن.

2

ھەر ئادەم بەختكە تۇغۇلغان ئىمىش،
شۇندىمۇ جەبرىگە بوغۇلغان ئىمىش.
تەڭرىمۇ: «يارىلىش ئۆزۈڭدىن...» دەپتۇ،
ھۆرۈنغا تەقدىرى تەتۈر پۈتۈلمىش؟

3

ئوخشىماس ئىنساننىڭ ئىستىكى، يولى،
ئوخشىماس ھاياتتا ئوڭى ھەم سولى.
ۋەلېكىن ئاخىرقى مەنزىلى بىردۇر،
دېمەك، بىز ھەممىمىز ھاياتنىڭ قۇلى.

4

كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى پۇلۇمدا دېمە،
كۆكتىكى ئايىنىمۇ قولۇمدا دېمە.
كىم بىلەر، قالامسەن ئەتە ئاچ تېخى،
شۇ يىغقان پۇلۇڭغا كەلمەي ھېچنېمە.

5

جاھان ساقىي ئەمەس سېنى كۈتكىلى،
ئۆمۈر قىمار ئەمەس ئويناپ ئۇتقىلى.
نېسىۋەڭ تۆۋىقى يېپىلسا ئەگەر،
بىر تامچە سۇنىمۇ بولماس يۇتقىلى.

6

ھەر دائىم ئەل ئۈچۈن بەخت، كۈتكىنىم،
شۇ سەۋەب دەشتى - چۆل كېزىپ يۈرگىنىم.
يەتسىمۇ دىلىمغا بەزىدە غەشلىك،
ئاخىرى ئەل مېھرى بولدى كۆرگىنىم.

7

ئىنساندا بولىدۇ تۈرلۈك ئوي - ھەۋەس،
ھەۋەسكە بېرىلمەك ئەقىلدىن ئەمەس.
ئەدەپنىڭ بابىدىن ئالمىسا ساۋاق،
ئەۋلىيا بولسىمۇ ئادەم دېمەك تەس.

8

بىلەمسەن ھاياتتا شېرىن تەم نېمە،
ئىنسانىنى ئىنساندەك قىلغان پەم نېمە؟
ئۆزگىنىڭ شېخىغا ئۇزاتمىغىن قول،
ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ تەييارنى يېمە.

9

ئېل سېنى يەكلىسە نە ئىزىڭ قالۇر،
تارىخنىڭ بېتىدە نە ئىتىڭ قالۇر.
تېپىلماس بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئازاب،
گەر تىرىك بولساڭمۇ نە بېتىڭ قالۇر.

10

ئەھدىڭگە ۋاپا قىل، توغرا بول گىردەك،
تىل بىلەن دىلىڭدا ھەر ۋاقىت بىردەك.
گاھ يۇلۇپ ئالالماي قالمىسۇن قىلنى،
كىشى قول ئۇزاتسا بولما پېتىردەك.

11

ئۆزگىگە دىل بېرىپ ئۆتكىنىڭ خوپراق،
سەممىي ئىلتىپات كۆتكىنىڭ خوپراق.
كۆڭۈل بىر نازۇك گۈل، ئاسراشنى ئۆگەن،
بەزىدە ئاچچىقنى يۇتقىنىڭ خوپراق.

12

ئۆزگىنى يامان دەپ قارىغا ئالما،
دېپىڭنى ئۆزۈڭنىڭ پەدىگە چالما.
ئاۋامنىڭ يىراقلاپ كەتمىسۇن خۇشى،
بەس، توپتىن ئايرىلىپ بىگانە قالما.

13

دىلىڭدىن ئاغرىنىش كەتكىنى تۈزۈك،
ھۆرمەتتە ئۆزرىنىڭ يەتكىنى تۈزۈك.
دوستلۇقنىڭ تېمىنى سۆكۈپ ـ بۇزغىچە،
ئاداۋەت ئىشكىن ئەتكىنىڭ تۈزۈك.

14

كىشىگە خورلۇقتۇر نەزەردىن قالماق،
بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇما ھەرۋاق.
يولۇڭ گەر ھەر قانچە راۋان بولسىمۇ،
ياخشىدۇر قەدەمنى ئويلىنىپ ئالماق.

15

ئاجايىپ تەنتەكتۇر بەزىبىر كىشى،
غادىيىش بىلەنلا ئۆتەر ياز، قىشى.
ۋەكىلىن، كىملەرگە بولۇپتۇ نېسىپ،
دۇنيانىڭ زاۋالسىز، ئۆڭمەس گەردىشى.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى« ئەقىدە»باسما ھەسسىدارلىق شىركىتىدىن

# شام ۋە ئادەم

ـ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مېھنەتلىك ھاياتىغا بېغىشلايمەن

ئابدۇقادىر جالالىددىن

كۆيگەن شام قەترىسىدىن دېڭىز پەيدا،
نۇرىدىن تۇرنىلار ئۇچقان ئاسمان.
يەلكەنگە ئوخشاپ قالار شامنىڭ ئۆزى،
شولىدىن دىل كۆزىگە مەنزىل ئايان.

مىننەتسىز ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسى،
يىلنىجاپ تۇرىدىكەن بوراندىمۇ.
رىياكار ھاختاشلارغۇ كۆپمۇ ئەمەس،
ھەسەتتىن مۆلدۈر يېغىپ تۇرغاندىمۇ.

چاقماقنىڭ بىر لەھزىلىك شولىسىدىن،
بىلىمىز بۇ جاھاننىڭ ھېكمىتىنى.
ئۆلچەيمىز نېمە بىلەن شام نۇرىنىڭ،
قىرىق يىل، ئەللىك يىللىق رىغبىتىنى!؟

ۋايىغا يېتەر شامنىڭ جۇلالىرى،
پەم بىلەن پەرلىگەندە پىلىكىنى.
نېمىلەر قىلمايدىكەن پەيلى قىسمەت،
غايىلىك ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى



# نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى، نەشرىياتچىلىقتىكى نەتىجىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، نەشرىياتچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى تەرەققىي تاپقان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھەقتە نەتىجىلەرنى خۇلاسىلەپ، تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەيلى نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سانى ياكى سۈپىتىدە بولسۇن ۋەياكى تۈر ـ خىل تەرەپلىرىدە بولسۇن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى نەشرىياتلار تەرىپىدىن ھەر يىلى دېگۈدەك 4000 خىلدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. ئالتە خىل تىلدا نەشر قىلىنىدىغان بۇ كىتابلار ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار مۇتلەق يۇقىرى نىسبەتنى، يەنى 45% تىن ئارتۇقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ

**مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر قانىتى**

كىتابلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت تىپىدىكى ئەسەرلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتماقتا. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ پايدىلىق سىياسەت، قوللاشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى قاتارلىقلارمۇ بۇ ساھەگە ئۆزگىچە جانلىنىش ئېلىپ كەلدى.

ئەلۋەتتە، نەشرىياتچىلىقىمىزدا جانلىنىش بولدى، تەرەققىيات بولدى. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ نەشرىياتچىلىقىمىزدا مەسىلە يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نەزىرىمىزنى سەل كەڭرەك قىلىپ، دۇنيانىڭ ئەمەس، ئەقەللىيسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نەشرىياتلارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە نەزەر سالساق، ئۆزىمىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، دۆلەتكە، مىللەتكە يۈز كېلىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن پرىنسىپال مەسىلىلەرنى، خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىمىز. چۈنكى، بىز كۆپلەپ يېڭى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىمىز، يېڭى بازار ئاچىمىز دەپ بۇ ھەقتە داۋراڭ سېلىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، نەتىجىلىرىمىز داۋراڭلىرىمىزغا

تۇشلۇق بولمايۋاتىدۇ. بۇ گەپلەر ئېغىزدىكى قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي تەدبىر كەم بولغاچقا، ھالقىش خاراكتېرلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ساھە بىزدىن ئىزچىل ھالدا يېڭى يول تېپىپ، يېڭى تەدبىر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرماقتا. دېمەك، بىز ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز؟ قانداق يول تاپىمىز؟ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قانداق تۈرتكە بولىمىز؟ دېگەن مەسىلىلەردە چوڭقۇر ئويلانمىساق بولمايدۇ. چۈنكى، بىز تەرەققىياتنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئەمەس، يەنە بىر پەللە يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى نىشان قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەزى ئويلىرىمنى نەشرىيات خادىملىرى، ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىشنى زۆرۈر تاپتىم.

## نەشرىيات ۋە يېڭىلىق

ئويلاپ باقسام، مەن نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئىشلەۋاتقىلى يەتتە ـ سەككىز يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇنقى خىزمەت ئورنۇمدا پەقەت ئەسەرلەرنى باھالاپ، بېكىتىش، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىش، قىلىنماسلىقىنى بەلگىلەش بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، مانا ئەمدى نەق خىزمەتنىڭ ئۆزىگە كىرىشىپ، كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش، يەنى كىتاب نەشر قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. ئەمما، مەن نەشرىياتچىلىقنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىغا كىرىشىشتىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى، يۈزلىنىشى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ ئويلىنىشلىرىم، ئىزدىنىشلىرىم 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گۇاڭشىدا تېخىمۇ «چېكىگە چىقىپ» كەتتى. شۇ ۋاقىتتا مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزۈم قىزىقىپ كېلىۋاتقان گۇيلىن شەھىرىدىكى گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا باردىم. چۈنكى، بۇ نەشرىيات مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ كۈچلۈك 50 نەشرىياتنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى ھەم ناھايىتى سەرخىل كىتابلارنى نەشر قىلاتتى، كىتابلارنىڭ تۈرى شۇنچە كۆپ، قاپلىنىش دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ ئىدى. شۇڭا مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتىشىدىكى «سىر»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بېقىشنى ئويلايتتىم. گۇيلىندا ئىككى كۈن تۇرۇش جەريانىدا مەن ئۇلاردىن بۇ ھەقتە كوچىلاپ سۈرۈشتۈردۈم. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «سىر»لىرىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلايدىغاندەك قىلمايتتى. مېنىڭ: «سىلەر كىتابلارنى قانداق پىلانلايسىلەر؟» «قانداق نەشر قىلىسىلەر؟» دېگەندەك سوئاللىرىمنى «ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىشلارنى سورىغان بولسىڭىز» دېگەن سۆز بىلەن جاۋابسىز قالدۇراتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق «سىرى»نى بىلەلمىدىم. ئەتىسى نەشرىياتنىڭ كىتاب كۆرگەزمە زالىنى كۆرۈشۈمگە توغرا كەلدى. كىتاب كۆرگەزمە زالى ئۈچىنچى قەۋەتتە بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىش جەريانىدا كارىدورنىڭ تاملىرىغا 1100 ئاپتورنىڭ سۈرىتىنى چاپلاپ، ئۇنىڭ ئاستىغا تەرجىمھالىنى يېزىپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەممە مىللەتتىن بار ئىكەن. بەزىلىرى ھەتتا دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە يازغۇچىلار ئىكەن. مەن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققۇچە بۇ رەسىملەرنى، تەرجىمھاللارنى ئامال بار كۆپرەك كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتىم. كۆرگەزمە زالىغا چىققاندىن كېيىن، بىز كۆرمىگەن، نامىنى ئاڭلىمىغان، ئەمما نادىرلىقىغا گەپ كەتمەيدىغان كىتابلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى بىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقئارا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، دۇنيا بازارلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئالدى 2 ـ 3 مىليون، كەينىمۇ 2 ـ 3 يۈز مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىكەن. مەن كۆرگەزمە زالىدا ئىككى سائەتتەك تۇردۇم. كىتابلارنىڭ تۈرلىرى، سۈپىتى، تىراژى دېگەندەكلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن، سۆھبەت جەريانىدا «نېمە دەپ بۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ سۈرىتى، تەرجىمھالىنى ئېسىۋالدىڭلار، بۇنىڭدىن سىلەر نېمىگە ئېرىشىسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭ سوئاللىرىمغا دىققەت قىلىپ، ئەمما جاۋابسىز قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ئاخىرى مېنى قۇرۇق يولغا سېلىپ قويۇشنى خالىمىدى بولغاي، مەن قىزىققان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەنچە بەردى: «ئىككى كۈندىن بېرى سىز بىزنىڭ بەزى ئىشلىرىمىزغا بەك قىزىقىپ، كوچىلاپ سوراپ كېتىۋاتىسىز. قارىغاندا، بۇ ساھەگە خېلى مۇھەببىتىڭىز باردەك قىلىدۇ. بوپتۇ، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي. بەلكىم، بۇنىڭ سىزدەك بىر ئازسانلىق مىللەت نەشرىيات خادىمى ئۈچۈن مەلۇم جەھەتتە پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. باياتىن سىز كۆرگەن، سۈرىتى چاپلانغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن جەملەنگەن ئاپتورلار، يازغۇچىلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كوزىرىمىز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، نەشرىيات ئەسەر بىلەن نەشرىيات. ياخشى ئەسەر، ياخشى ئەسەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپتور بولمىسا، نەشرىياتنىڭ ھەرقانچە ئادىمى كۆپ، ئىقتىسادىي كۈچى يۇقىرى، داۋرىڭى داغدۇغىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، تەرەققىياتى «ئاتام ئېيتقان باياتىنقى»دەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نەشرىيات بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتىمىز. قابىل، ئىقتىدارلىق بىر ئاپتورنىڭ ئەتراپىمىزغا ئۇيۇشقانلىقى يولىمىزنىڭ بىر قەدەم كېڭەيگەنلىكى، تەسىرىمىزنىڭ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى،

ئىقتىسادىي كۈچىمىزنىڭ ئىزچىل ئاشقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئەزەلدىن ئاپتورلارغا بىپەرۋالىق قىلمايمىز، ئۇلارنى نەشرىياتىمىزنى نەشرىيات قىلىپ تۇرغان تۈۋرۈك، دەپ بىلىمىز. ئەلۋەتتە، بىز ئاپتورلارنى ئەتراپىمىزغا يىغىۋېلىپلا، قاچان ئۇلاردىن ئەسەر چىقاركىن، كىم قانداق نەرسە يازاركىن، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرمايمىز. بىزنىڭ مىڭدىن ئارتۇق رەسمىي ۋە تەكلىپلىك مۇھەررىرىمىز بار، يەنە ھەرخىل ئىشلارغا مەسئۇل گۇرۇپپىلىرىمىزمۇ بار. شۇلارمۇ ئىزچىل يېڭى ـ يېڭى پىلانلارنى، تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بازار تەكشۈرىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. شۇ ئاساستا قانداق ئەسەرنى ئېلان قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ لايىھەسىنى، يەنى، قانداق تېمىدا، قانداق ژانىردا، قانداق ھەجىمدە ئەسەر بولۇشى كېرەكلىكىنى دوكلات تەرىقىسىدە تەييارلاپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا قويىدۇ. ئۇلار يەنە ھەتتا تارقىلىش دائىرىسى مۇنداق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى مۇنداق، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى مۇنداق بولىدۇ دېگەنلەرگىچە تەپسىلىي دوكلاد تەييارلايدۇ.

بۇ ئەسەر پىلانى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەر ئەسەرنىڭ قانداق يېزىلىشى ھەققىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن بىز بۇ ئەسەرنى چىقىرىشنى قارار قىلىمىز ھەم بۇنىڭغا بىر مۇھەررىرنى مەسئۇل قىلىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەر كىمگە باب كېلىدۇ، كىم ئەڭ ياخشى يازىدۇ، دېگەننى چۆرىدەپ ئاپتور تاللايمىز. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بايا سىز كۆرگەن تامدىكى ئاپتورلىرىمىزغا نەزەر تاشلايمىز. ئۇلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن دۆلەت ئىچىگە، ھەتتا دۇنياغا نەزەر تاشلايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ پۈتۈن دۇنيادا بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، بىزگە خىزمەت قىلىشنى، ئەسەر يېزىپ بېرىشنى خالايدىغان ئاپتورلىرىمىز بار. دېمەك، بىزنىڭ ئاپتورلار ئامبىرىمىزدىن ئادەم تاللايمىز، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماس كېلىدىغانلىرى بولمىسا، شۇ ئەسەرگە مەسئۇل مۇھەررىر دۇنيانىڭ خالىغان يېرىگە بېرىپ، ئاپتور ئىزدىسە، تاللىسا بولىدۇ. ئاپتور تاللانغاندىن كېيىن، مۇھەررىرمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنى كۈتىدۇ، مۇۋاپىق پىكىرلىرىنى بېرىدۇ. ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ. ئەگەر يارىسا شۇ بويىچە نەشر قىلىمىز. ئەگەر يارىمىسا ئاپتورغا قايتۇرۇپ، قايتا ئىشلىتىمىز. يەنە بولمىسا، بۇ ئەسەرنى باشقىدىن يەنە بىر ئاپتورغا يازدۇرىمىز. شۇنداق قىلىپ، مۇكەممەل بىر ئەسەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇ چوقۇم ئاۋامنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشىدىغان، بىزگىمۇ نەپ يەتكۈزىدىغان ئەسەر بولۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ يۈز مىڭدىن ئاز بېسىلىدىغان ئەسەرلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس ياكى ئۇنداق ئەسەرلەرنى نەشر قىلمايمىز...

يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا نەشرىيات، ئاپتور ۋە مۇھەررىردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئورتاق پايدا ئالىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق بىرلا ئەسەر سەۋەبلىك مىليونېر بولۇپ كەتكەن ئاپتور، مىليونېر بولۇپ كەتكەن مۇھەررىرمۇ خېلى بار. ئەلۋەتتە، بىز بولساق تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشكۈچى بولۇپ قالىمىز. چۈنكى، تىراژ قانچە كۆپ بولسا، كېلىدىغان پايدىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ئەسەر يېزىپ بېرىشنى خالايدىغان ئاپتورلار كۆپ، مۇھەررىرلىرىمىزمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەيدۇ. بىزمۇ ئۇلارنى قوللايمىز، ئەمگىكىنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز...»

گۇاڭشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. ئۇلارنىڭ نەشرىياتچىلىقتا تۇتقان پوزىتسىيەسى، يولى بىلەن بىزنىڭ پوزىتسىيەمىز، يولىمىز ھەققىدە ناھايىتى چوڭ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ نەشرىياتچىلىقىمىزدىمۇ نىشانلىق ھالدا ئەسەر يازدۇرىدىغان، ئاپتور ئىزدەيدىغان، ئەسەر تاللىشىدىغان ئىشلار ھازىرقى ۋاقىتلاردا ئانچە ـ مۇنچە بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتقاندەك نوپۇزلۇق نەشرىياتلارنىڭ تۇتقان يولىغا قارىغاندا، بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىز تېخى ئېغىزغا ئالغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىزدە تېخى بىر پارچە ئەسەر ئۈچۈن ئالدى بىلەن پىلان تۈزۈلۈپ، ئاپتور ئىزدىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ نەشر قىلىنىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك. گەرچە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئانا يۇرت»تەك بازارلىق، نادىر ئەسەرلىرىمىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىستىخىيەلىك ھالدا ئاپتورنىڭ قىزغىنلىقى، ئۆز خاھىشى بىلەن يېزىلىپ قالغان ئەسەرلەردۇر.

گەرچە مەن شۇ چاغدا نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولمىساممۇ، ئەمما نەشرىياتلار پىلانغا ئالغان ئەسەرلەرنى چىقىرىشنى بېكىتىدىغان ئادەم بولغاچقا، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا مەلۇم تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يازدۇرۇشقا، يېزىشقا تەكلىپ بېرىشكە باشلىدىم. مانا ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرمۇ يېزىلدى ھەم يېزىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، نىشانلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان، ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا بۇيرۇتۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭمۇ بەزىرى ئىنتىك بولىدىغانلىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغانلىرى چىقىدۇ. بۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

ئەگەر نەشرىيات پەقەت تەييار ئەسەرنىلا نەشر قىلىمىز، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرسا، يوقنى ئىزدىمەي، بارىغا قانائەت قىلىش بىلەن كۇپايىلەنسە، ئىنىقكى بۇنداق نەشرىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەشرىياتلاردا بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلار بازارنى توغرا تەھلىل قىلىشنى بىلىشى، ئەسەر پىلانلايدىغان، يازدۇرىدىغان، ئەسەرنى، ئاپتورنى ئىزدەپ تاپىدىغان مۇكەممەل قوشۇن بولۇشى كېرەك. بۇ نەشرىياتنىڭ مەيلى ئىقتىسادىي كىرىمى ياكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىمىز ئۇنچە ئاز ئەمەس. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شۇ ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىدە مەلۇم دەرىجىدە تېڭىرقاش بار، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نېمىنى يازسا نەشرىياتلارنىڭ تېز نەشر قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئەسەرنى بازارنىڭ تېز قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. (ئەمما، رومانچىلىق بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى، ھەممە ئاپتورلىرىمىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىدۇكى، رومان بولسىلا، نەشرىيات تەييار! ئوقۇرمەن تەييار! مانا مۇشۇ سەۋەب بىلەن گەرچە قىسمەن ھالدا ياخشى رومانلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قولنىڭ ئۇچىدا يېزىلغان، مەزمۇنى پۇچەك بىر تۈركۈم پاخال رومانلارنىڭمۇ بازارغا كىرىپ، ئوقۇرمەنلەر روماندىن بىزار بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك). شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئىشنى قىلسىمۇ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن ئەمەس، ئىككىلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، يازغىنىدىن ئۆزىمۇ رازى بولمايدىغان، مۇھەررىر ـ نەشرىياتلارمۇ رازى بولمايدىغان، ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرمۇ ياقتۇرمايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېھتىياجنى بىلگەن ئاز ساندىكى ئادەملىرىمىز يېتىشىپ بولالماي، ئالدىراشلىق ئىچىدە چالا ـ بۇلا ئەسەرلەرنى نەشرىياتلارغا ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

بۇ تەڭپۇڭسىزلىق ئەسلىدە نەشرىياتلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلىدۇر. شۇڭا ئاپتورلارنى ئىزدەش، يېتەكلەش(ئاپتورلارنى نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشقا يېتەكلەش)، ئۇلارغا ئوقۇرمەنلەر ئېھتىياجلىق، نەشرىيات، بازار ئېھتىياجلىق بولغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا تەكلىپ بېرىش، ماھىيەتتە پۈتۈن نەشرىياتچىلىقنىڭ، كىتابچىلىقنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئاكتىپ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاپتورلارنى يېتەكلەشتە، تەشكىللەپ، تەربىيەلەشمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن ئاپتورلارغا كۇرس ئاچايلى دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى، ئىجادىيەت دېگەن كۇرس ئېچىپ ئۆگەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. لېكىن، ئۇلارغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا نەشرىياتنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى، ئېھتىياجلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش كېرەك. ئاندىن ئاپتورلارغا بېرىدىغان ھەق مەسىلىسىنىمۇ ئوبدان ئويلىشىش كېرەك. بىز ھېلىمۇ ئون يىللار ئىلگىرىكى قەلەم ھەققى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز. ئەمما بۈگۈنكى مال باھاسىنىڭ قانچىلىك ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شۇنداق ئىكەن، نۆۋەتتە قەلەم ھەققىنى ئۆستۈرۈشمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرغىلى، ئىلھامىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. «توخۇيۇم دان يېمىسە، كاكىلىسا» دېگەندەك ئىش قىلساق بولمايدۇ. ئاپتورلارمۇ تۇرمۇشىنى نورمال قامدىغان ئاساستا يېزىقچىلىق قىلىشى كېرەك. شۇڭا نەشرىياتلار ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە قەلەم ھەققىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى يۈزلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ.

## نەشرىياتچىلىق ۋە مەسئۇلىيەت

مەن بۇلتۇر 8 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭنى تولۇق دېگۈدەك بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم. بۇ جەرياندا ھەممە ۋىلايەتلەردە، ناھىيەلەردە بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم، پىكىر ئالماشتۇردۇم. ئۇلارنىڭ نەشرىياتلارغا قانداق تەلىپى بارلىقىنى سۈرۈشتۈردۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق تەلىپى مۇھەررىرلەر، نەشرىياتلار ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىسا، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدا نەشرىياتلارغا تاپشۇرۇلغان ئەسەرلەرنىڭ يوقاپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقى تەكرار تىلغا ئېلىندى؛ جاۋاب بېرىلمەي بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارمۇ كۆپ بولدى؛ نەشر قىلىنىشىنىڭ ئىنتايىن ئاستا ئىكەنلىكىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى؛ ئاپتورلارنى تولا ماڭدۇرىدىغان، ئاپتورلاردىن ھەر خىل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقى ئاشكارىلاندى. ئەلۋەتتە، بۇنى ئومۇمىي ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، شۇنداق قىلىۋاتقان قىسمەن ئادەملىرىمىز بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن «بىر ئۆينىڭ قۇيرۇقى پوق، مىڭ ئۆينىڭ تۇيىقى» دېگەندەك ئەھۋال كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. ئەمما يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىنكاسلاردىن نەشرىياتلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇ بويىچە داۋام قىلىدىغان بولسا، ئېنىقكى نەشرىياتنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىدىغان، ئاپتورلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، بۇ 80 ـ يىللار ئەمەس، نەشرىياتقا كىرگەنلەر ھېيىقىپ، تەرلەپ ـ تەپچىرەپ قايتىپ چىقىدىغان. ھازىرقى

ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ قوللىشى، غايەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، سىياسەت جەھەتتە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ھەممە نەشرىياتلار جانلىنىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتورلار نەشرىياتلارنى ئەمەس، نەشرىياتلار ئاپتورنى ئىزدەيدىغان ئەھۋال كۆپىيىدۇ. قايسى نەشرىيات ئاپتورلارغا، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە سۇس، بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، تەبىئىيكى، ئۇ ئاپتورلار قوشۇنىدىن، جۈملىدىن بازىرى ئىتتىك ئاپتورلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارغا مېھماندەك مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى يوقىتىۋېتىدىغان، يىللاپ جاۋابىنى بەرمەي بېسىپ ياتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاپتورلارنى نەشرىياتلارغا كۆچلۈك جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن بارلىق مەسئۇلىيەت نەشرىياتلاردا، ئاپتورلار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭچە، ئاپتورلاردىكى مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئېغىردۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى جايىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئەسەرلىرىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىشى، قولىنىڭ ئۈچىدا ئەسەرنى «تامام» قىلىپ، بارلىق يۈكنى نەشرىياتقا يۈكلەپ قويىماسلىقى كېرەك. بىلىشىمچە، ھازىر نەشرىياتقا كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ئاتمىش - يەتمىش پىرسەنتى لاياقەتسىز. بۇنىڭدىن ھازىرقى بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئويۇنچۇق ئورنىدا ئەسەر يازىدىغان، «پالاق - پۇلۇق» بىر كىتابنى «تامام» قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا نەشرىياتتا يېتىۋالغۇدەك بولۇپ، ئەسىرىنى نەشر قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ، يالۋۇرىدۇ، چالۋاقايدۇ، جاڭجال كۆتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئەسەرنى مانچىلىك ۋاقىتتا يېزىپتۇ، دەپ بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ئورنى يوق. مەيلى سىز بىر ئەسەرنى بىر كۈندە يېزىڭ ياكى ئون يىلدا يېزىڭ، ئۇ ئەسەر ياخشى بولسىلا بولىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بولمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ ئۆز ئەسىرىڭىزنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يازغىنىڭىز ماھىيەتتە نەشرىياتقا، ئوقۇرمەنلەرگە، ھەتتا ئۆزىڭىزگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دۇنيادا يازغانلىرى تاققا-تۇققا، سۆز - جۈملىلىرى باغلاشمايدىغان، مەزمۇنى چۇۋالچاق ئەسەر يازىدىغان ئاپتوردىنمۇ مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بولماس. بەلكىم، شۇنداق ئەسەرلەرمۇ بىر ئاماللار بىلەن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، تاللىغان تېمىڭىز ياخشى بولۇپ قالسا، مۇھەررىرلەر سىزگە «يېزىشىپ» بەرگەندۇر. دېمەك، بۇ ئاپتورلارنىڭ نەشرىياتلارغىمۇ بەك ئېغىر بېسىم سېلىشتىن ساقلىنىشنى، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكە سالىدۇ.

دېمەك، نەشرىيات ئاپتورغا مەسئۇل بولۇشى، ئاپتورمۇ نەشرىيات ئالدىدا ئەستايىدىل بولۇشى ھەمدە ئوقۇرمەن ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەمكارلىق بولغان ئىكەن، مەسئۇلىيەتمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى پاسسىپ، تۆۋەن ئورۇندا، يەنە بىرى ئاكتىپ، يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ قالسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئاپتورلار ئەسىرىنى بەرگىنىمدىن خوش بولساڭ بولىدۇ، دەپ ئۆزىنى تاختا بېشىغا ئېلىۋالسا، نەشرىياتلارمۇ كىتابىڭنى چىقارغىنىمىزدىن خوشال بولۇشۇڭ كېرەك، دەپ ئاپتورلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىسا. بۇ نەشرىياتچىلىقىمىزغا، نەشرىيات بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيانلىق تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆز ئارا مەسئۇلىيەتچان ھالدىكى ھەمكارلىق نەشرىياتنىڭ ھەم ئاپتورنىڭ دۆلەت، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## نەشرىياتچىلىق ۋە تەرجىمە ئەسەر

ھازىرقى ۋاقىتتا نەشرىياتلارنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، ئانا تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەش كېرەك. ھازىر مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونغىچە، بىزنىڭ ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى، ھەرقايسى نەشرىياتلار ئانا تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش مەسىلىسىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت غايەت زور مەبلەغ ئاجراتتى. ياخشى يۆنىلىشلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز بۇنى ئاددىي بىر سىياسەت دەپ چۈشەنمەسلىكىمىز، مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەشرىياتچىلىقىمىزنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. شۇڭا ئانا تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ، تەرجىمە ئەسەرلەرنىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا تەڭشەپ مېڭىش، كۆپلەپ نەشر قىلىش تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئانا تىلدا ئەسەر ئىجاد قىلىش- مىللەتنىڭ روھىنى قېزىش، تىل بايلىقىمىزنى ئېچىش، ۋارىسلىق قىلىش، قوغداش مەسىلىسى دېمەكتۇر. روھىيىتىمىزنى بېيىتىش، تەپەككۇرىمىزنى ئېچىش دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئانا تىلدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنى قانچە كۆپ روياپقا چىقارساق، بۇ كەلگۈسى تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن شۇنچە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ھەرقانداق تۈردىكى ئەسەرلەرنى، يەنى پەلسەپە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، سىياسەتشۇناسلىق... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمە ئەسەرلەر توغرىسىدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۆزىدە بار خېمىرتۇرۇچتىن سىرت باشقا ئەللەردىن قوبۇل قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئىلغار مەدەنىيەتمۇ بولۇشى كېرەك. ئۇنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سىرتتىن قوبۇل قىلىشنىمۇ چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ئويغىنىشىنى، ياپونىيەنىڭ مېجىي يىللىرىدىكى يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتىنىمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئەسەرلىرىنى ناھايىتى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار سىرتتىن «ئەقىل كىرگۈزدى»، «تەپەككۇر كىرگۈزدى». ئۇنى ئۆزىدىكى يىلتىزى چوڭقۇر تەپەككۇر دولقۇنلىرىدا تاۋلاپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. دېمەك، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭكىنى سىرتقا چىقىرىشنى ئەمەس، سىرتتىن ئەكىرىشنى چىڭ تۇتتى. مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ روھىيىتىنى بېيىتتى. دۆلىتىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەرقايسى خانلىقلار دەۋرىدىكى پادىشاھلار شۇ دەۋرلەردىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانلارنى قۇرغان ئىكەن. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇلغان ئىدى. كېيىن، ھەتتا گومىنداڭ ۋاقتىدىمۇ بۇ ئىش ئۇنتۇلۇپ قالمىغان. ھازىر بولسا، بۇنداق ئىدارىلەر تېخىمۇ كۆپ قۇرۇلدى، سىياسەت، مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇڭا ھازىرقى شارائىتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشىمىزنىڭ بىرى، دۇنيانىڭ ئىلغار ئىجادىيەت ئۆرنەكلىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ كىرىش، ئاپتورلىرىمىزنى ئۈلگە، ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى، بىزگە بېرىلگەن بۇ پۇرسەت، سىياسەتنى ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىشنىڭ دەستىكى قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، بۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىمىزدىكى ئاساسلىق ئامىل دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، بىزدە زادى قانچىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر بار؟ بىز مۇنەۋۋەر دەپ قارىغان ئەسەرلىرىمىز ئۆزگىلەرگىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ كۆرمەسەك بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، بىز ئالدى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئەدەبىيات نەتىجىلىرىنى ئېلىپ كىرىشنى چىڭ تۇتايلى. بىزدىمۇ دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى، دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتىنى، دۇنيا پەلسەپە سەۋىيەسىنىڭ نەدە كېتىۋاتقانلىقىنى، قانداق يازغۇچى، قانداق ئېقىملارنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپەيسۇن. ياخشى ئەسەرلىرىمىزنى ئۆزىمىزمۇ تاللاپ، تەرجىمە قىلايلى، نەشر قىلايلى، يەنە تەرجىمە قىلىشنى ئۆزگىلەرگىمۇ قويايلى. دۇنيادىكى مىللەتلەرنى، تەرجىمانلارنى، نەشرىياتلارنى ئۇنچە «دېۋەڭ» كۆرمەيلى، ئۇلار ياخشى ئەسەر بولسا، قانداق مىللەتنىڭ تىلىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بايقاشقا، بىلىشكە قادىر!

ئاپتور: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىدىن

---

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# ھەممىمىز ئىنژېنېر

ئەنۋەر ئايمۇھەممەت

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەلۇم ناھىيە بازىرىغا بىر بىنا سېلىنىشقا باشلاپ، ئىش يېرىملاشقاندا، تۇيۇقسىز شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكىلەر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ توغرا لايىھەلەنمىگەنلىكىنى ئىلمىي ئاساستا دەلىللەپ، بىنانى چېقىپ قايتىدىن سېلىشقا بۇيرۇدى. بەش قەۋەتلىك بۇ بىناغا كېتىدىغان مەبلەغمۇ ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس ئىدى. بىز قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولمىغاچقا، بىنانىڭ قايسى يەرلىرىدە خاتالىق بارلىقىنى بىلەلمىدۇق. ئەمما مۇتەخەسسىسلەر بايقىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ شۇنچە ھەيۋەتلىك سېلىنىۋاتقىنىغا قارىماي، يېرىم يولدا چېقىلىشىغا، بۇ قۇرۇلۇشنى لايىھەلىگەن ئىنژېنېرنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەب بولغان ئىكەن.

«ئىنژېنېر» دېگەن بۇ سۆز تىلىمىزغا ئىنگلىزچە «engineer»دېگەن سۆزدىن سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئىستېمالىمىزدا قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىغا بەكرەك مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، كۆپ قىسىم كىشىلەر «قۇرۇلۇش لايىھەلەيدىغان ئادەم » دەپ چۈشىنىدۇ.

دېمىسىمۇ قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى جەمئىيىتىمىزدىكى كاتتا ئادەملەردۇر. ئۇلار بولغاچقا ئىنسانلار نەچچە ئون قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك بىنالاردا، شۇنداق رەتلىك ۋە كۆركەم ئۆيلەردە ھۇزۇر سۈرەلەيدۇ. لېكىن «ئىنژېنېر » دېگەن بۇ ئاتالغۇنى نوقۇل ھالدا «قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى»دەپ چۈشىنىۋالساق مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا تولۇق يېتەلمەيمىز. چۈنكى بۇ يەردە مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ۋە سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىنساننىڭ روھىنى يېتەكلىگۈچى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالايدىغان ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالايدىغان ئەڭ موھىم ئىنژېنېرلارنى، جۈملىدىن، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېر»لىرى دەپ تەرىپلەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان بولىمىز.

بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى گەرچە مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىملىك ئامىللارغا باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»نىڭ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقىلا دانىشمەنلەر ئۇستازنى: «دەۋرنىڭ دانىشمىنى»، جەمئىيەتشۇناسلار: «زاماننىڭ

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

پەخرى»، «ئادىمىيلىك كوچىسىدىكى مەڭگۈلۈك چاقناپ تۇرغۇچى مەشئەل»، «تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز خاسىيەتلىك ئابىدە»، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» دېگەندەك گۈزەل ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىگەن.

مانا بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بەرگەن ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىغا مۇكەممەل كەسپىي بىلىم ۋە ساپا بولۇش شۇنچە مۇھىم بولغىنىدەك، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى»دىمۇ كۆپلىگەن كەسپىي بىلىم ۋە يۇقىرى ساپا بولۇش تەلەپ قىلىنىشى مۇقەررەر.

مىللەتكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدىغان، تەپەككۇرى ئويغاق ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول باشلىغۇچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. بۇنداق ئىزدىنىشچان ئوقۇتقۇچىلار ئويۇن ـ كۈلكىلىك ئولتۇرۇشلارغا شۇنچە بارغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بۇ خىل مەئىشەتلەردىن چەكلەپ، تەنھا ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشكە ئۈندىگەچكە، تۇرلۇك «باردى ـ كەلدى»لەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى خاتا تەربىيەلەپ قويۇشتىن يەنى ئۇلارنىڭ «روھى»نى خاتا «لايىھەلەپ »قويۇشتىن شۇنچە ئېھتىيات قىلىدۇ. خاتا لايىھەلىگەن بىنانى قايتا سالسا بولىدۇ. خاتا يېتەكلەنگەن «روھى»نى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس ياكى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەلبىدە، مىللەتنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى بويلاپ، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بىر ئوتلۇق ئىنتىلىش، ئارزۇ ـ ئۈمىد ھەمدە ئىشەنچكە تولغان قەيسەر ۋە ئۇلۇغۋارلىق ھامان ئۇلارنى داۋاملىق تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ، ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە يەنە، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت يولىدا، ھاياتنىڭ چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن، داۋاملىق مېڭىشقا مۇمكىن بولماي توختاپ قالغان «قەدەم»ئىزلىرىنى بويلاپ داۋاملاشتۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تۈگىمەس ئېنېرگىيە بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ «ئېنېرگىيە »ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىز باسارلارغا زۆرۈر.

بىزگە بەكمۇ كېرەكلىك بولغان بىر قوشۇن بار. مانا بۇ قوشۇن دەل «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»دەپ تەرىپلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدۇر. بۇ قوشۇن كەسپىي بىلىم ۋە ساپا جەھەتتە، باشقا كەسپتىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن قوشۇندۇر. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى مۇشۇ قوشۇننىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىدۇر. لېكىن بۇ قوشۇنىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقى قانداقراق؟

بۇ قوشۇندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن ئەمەس، ھەتتا ئۆز كەسپىدىن ئىچكىرىلەپ ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. لېكىن ئۆزلىرى دەرس قاتارىدا بېرىۋاتقان بىر ياكى بىر نەچچە خىل پەننى بىر ئامال قىلىپ لايىھەلەپ، ئادەم تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. لايىھە بولسا مەزمۇننى يەتكۈزۈشتىكى موھىم ھالقا. بۇ خۇددى بىنا سېلىشتا، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى ياخشى لايىھەلىسە بىنا چىدامىلىق ۋە كۆركەم پۈتۈپ چىققاندەكلا بىر ئىش.

باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ھەمدە ئالىي مەكتەپنىڭ ھەر بىر يىللىقىنى بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك شۇ ئېگىز بىنانىڭ قەۋەتلىرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى دۇنيادا ھازىرغىچە قانچە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئەڭ ئېگىز بىنا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولمىغىنىدەك، ئادەمنىڭ قانچىلىك تەربىيەلەنسە مۇكەممەل ئادەم بولۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلىش تەس. بۈگۈن بىزگە ئەڭ ئېگىز ھېسابلانغان بىنا، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزىدىنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ئېگىز قىلىپ سېلىنغان بىنا ئالدىدا«ئەڭ ئېگىزلىكى»نى ساقلىيالمايدۇ. شۇنىڭدەك بۈگۈن ئەڭ قابىلىيەتلىك دېيىلگەن ئادەم، يەنە بىر تىرىشچاننىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ئالدىدا«ئەڭ» بولالماي قالىدۇ. بىنانىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولمىسا، ھەرقانچە كۆركەم بولغان بىلەنمۇ ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ئاددىي ھەقىقەت. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەملەرنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەشتىمۇ باشلانغۇچتىن ئىبارەت بۇ «ئۇل»نى پۇختا تۇرغۇزۇش بەك مۇھىم.

خەلقئارالىق رىقابەت كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆزلىرىمىزنى چاقنىتىپ، ھەر بىر جان ئىگىسىدىن«پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەقىل تاپ! »دەپ ئۈزۈكسىز سىگنال ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم دەۋرداشلىرىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچلىرىنى تونۇيالماي، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشۇپ، جەمئىيەتتە مودا بولۇۋاتقان خىلمۇخىل ئولتۇرۇش، ھەشەمەتچىلىك، كىيىم ئۈچۈرلىرىنى قوغلىشىپ، «چاي»، «چايخانا » «تورخانا»لاردا، ھەمدە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ خىيالىي قەھرىمانلار بىلەن دەقىقە ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەي شۇنداق جىددىي ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىۋېلىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەلەكچىلىكىدە، قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەرزىمەس قالايمىقانچىلىقلار بىلەن «بوياش»قا ئىنتىلمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارغا ھەر جەھەتتىن تويۇنغاندەك كۆرسىتىشكە شۇنچە ئالدىراش ۋە جىددىيلىك بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، تۇرلۇك ئىقىملارنىڭ ئۈزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان رىتىملىرى ئۇلارنى بىردەممۇ بىكار قويماي چارچىتىپ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى ئۈزۈكسىز خورىتىۋەتتى.

شۇنداق قارايدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدىكى تونۇش ۋە ناتونۇش چىرايلارنىڭ چېھرىدە ھامان جىددىيلىك. سىز دىققەت قىلمىسىڭىزلا ئالدىراپ باشقىلار سىزگە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ھەممە شۇنداق جىددىي ۋە ئالدىراش. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئالدىراۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ نېمىشقا بۇنچە تېزلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا بۇنى ئويلىغۇدەكمۇ ۋاقتى يوق.

يەر شارىدىكى جانلىقلار ئارىسىدا تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدىغان ئىنسان ئۆزلىرىنى ئادىمىيلىكتىن ياتلاشتۇرۇۋېتىدىغان خىلمۇ خىل رامكىلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە بەند قىلىپ، جىسمانىي كۈچى ۋە روھىيىتىنى بۇلغاپ، ئەڭ ئەقەللىيسى ئۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇپ ۋە چارچىتىپ، باش ـ ئاخىرى يوق جاپالارغا مۇپتىلا قىلىشىپ ياشىماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن شۇنداق ياشاشنى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان «جەمئىيەت» كە ئۇستاتلىق بىلەن دۆڭگەپ قويۇشۇپ، ئۆزلىرىنى «ئاقىلانىلىك»بىلەن ئاقلىشىپ، ئۆز خاراكتېرىنى، پاك دىللىرىنى نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك ئىدىيەلەر بىلەن سۇغىرىشىپ، قەلبىنى جىددىيلىك، ۋاقتىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە خۇمار قىلدى.

ئەمەلىيەتتە ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يەرشارىدىكى بىردىنبىر مەخلۇق بولۇپ، سپىنوزا (1632 ـ 1677) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا«ئىنسان ــ پىكىر قىلغۇچىدۇر. » ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى ئەسلىي ماھىيىتىدىن چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ تارىخ ھامان ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە بىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. سوقراتمۇ ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» (ئەسەت سۇلايمان «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 458 ـ بەتكە قاراڭ) دېگەن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشى، ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر پاجىئە.

ئەقلىيلىك ۋە تەپەككۇر روھىدىن ئايرىلغان ئىنسان، ئالىقاچان ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى يوقىتىۋەتكەن ئىنسان.

تەڭرى ئادەملەرنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە، ئۆز خاسلىقى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ مېھرىبان ئانىنىڭ قوينىغا چۈشۈرۈپ، تەپەككۇر قىلالايدىغان قابىلىيەتلەر بىلەن بىرگە ئاپىرىدە قىلغان. ھالبۇكى، ئادەملەر كۆز ئالدىدىكى ھەررەڭ ـ سەررەڭ كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەستانىلىقىدا؛ پەقەت باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈنلا شۇنچە جىددىي چېپىشىۋاتقان. لېكىن ئىچىدە بۇ خىل تۈگىمەس ئاۋارىچىلىق ۋە جىددىيچىلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى،پالانى قىلمىغان بولسا مەنمۇ قىلمايتتىم، پالانى ئالمىغان بولسا مەنمۇ ئالمايتتىم دەپ باشقىلارغا دۆڭگىشىپ، كۆڭلىدە ئۇلارنى مىڭنى تىللاپ دەردىنى چىقىرىشىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە زىيانلىق بولغان تۇرلۇك سەلبىي رامكىلارنىڭ ئاسارىتىدىلا ياكى ئۇلارنىڭ كۆرۈنمەس سايىسى ئاستىدا پالاقشىپلا كۈن ئۆتكۈزمەكتە. ھېچقانداق ئەنئەنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ خىل يۇقۇندىلار، ئىنساننىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالغىنىدا، ئۇنىڭ روھىدىكى مەنىۋى كۈچ ئۆزىنىڭ جازىبىدارلىقىنى، غەيۇرلۇقى ۋە ئادىمىيلىكىنى شۇنچە يوقىتىپ، روھى چۈشكۈن، بوشاڭ ۋە ئۈمىدسىز بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل داۋالغۇشلارنىڭ زامانىۋى باكتېرىيەلىرى زىيالىيلىرىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارىسىغىمۇ كىرىۋېلىشلىرى نەتىجىسىدە، ئۆزخىزمىتىدىن ۋايسايدۇ، باللارنىڭ دەرس ئۆگەنمەيدىغانلىقىدىن، گاچىلىقىدىن ئاغرىنىدۇ.

مەركىزىي شەھەرلىرىمىزدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كومپيۇتېردا بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بارالىسا، قوشۇنىمىزدا تېخى كومپيۇتېرنى قوزغىتالمايدىغان نۇرغۇن «كەسپىي ئەزىمەت»لىرىمىز بار. بىر قىسىم رايونلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى خېلى ئارقىدا، شۇڭا ئۇلار كومپيۇتېر سېتىۋالغۇدەك سەۋىيەگە تېخى يەتمىدى دەپ، ئۆزىمىزنى ئاقلايلى دېسەكمۇ، لېكىن رېئاللىق بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، كومپيۇتېر سېتىۋېلىشقا «قۇربى يەتمىگەن »قىسمەن كىشىلىرىمىز ئۇرۇمچىدىكى «غەربىي چوڭ قوۋۇق»، «غەربىي كىچىك قوۋۇق»لاردىكى ئۈچ ـ تۆت مىڭ يۈەنلىك كىيىملەرنى، بىر تېلېفون بىلەنلا ئالدىغا ئەكەلدۈرۈۋېتەلەيدۇ. كىيىمنى چوقۇم كىيىمسەك بولمايدۇ، لېكىن نېمىشقا كىيىدىغانلىقنىڭ ماھىيىتىنىمۇ بىلىۋېلىپ كىيگەنگە يەتمەيدۇ.

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ زەيتۇن

يوپۇرماقلىرىدا ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيتى باشلانغاندىن بېرى، بۇ خىل مەدەنىيەتلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە ئومۇملاشتى ۋە تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، تۈرلۈك ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى.

قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىش ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى خۇشاللاندۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن ئەستايىدىل ئويلانساق، تۇرمۇشىمىز تېخى ئۇنچىلىك ھاللىق دەرىجىگە يەتمىدى. كىيىملەرنىڭ ئەڭ قىممىتى بىزگە ئەڭ يارىشىپ كېتىشى، ئەرزانلىرى بىزنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشى ناتايىن. مەيلى قايسى كىيىملەرنى كىيىڭ سىز يەنىلا سىز. خەلقىمىز ئارىسىدا «ھەقىقىي گۈزەللىك ئاددىيلىق ۋە تەبىئىيلىكتە بىلىنىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا ھەممە نەرسىنىڭ لايىقىدا بولغىنى ئەۋزەل. شۇنچە قىممەت كىيىم كېچەكلەر، بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن، سەل ئەرزانراقلىرىنى كىيىپ تۇرۇپ، ئائىلىمىزگە بىر كومپيۇتېر سېتىۋالساق، نەچچە ئايغا قالمايلا، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر ئوبدانلا كومپيۇتېر ساۋاتى چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشقان بولىمىز. بۇنىڭدىن ھەممە خۇشاللىنىدۇ.

دۇنيا ۋە ھاياتلىق ئالىمى سانسىزلىغان تاسادىپىيلىقلار بىلەن تولغان. بۈگۈن نەچچە مىليونلاپ پۇل ساناپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەيدىسىگە مۇشتلاپ، جىددىي چېپىۋاتقان ئادەم، بىردەمدە پالاكەتكە ئۇچراپ بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قاقسەنەم بولۇپ قېلىشى، ئائىلىدىكى ساپساق دەپ يۈرگەن بىرەرى تۇيۇقسىز دوختۇرخانىغا كىرىپ بىرەر يۈزمىڭ يۈەنلىك داۋالىنىشقا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشلارنى ھەر قانچە ئويلىماسلىققا تىرىشساقمۇ، لېكىن بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنىڭدىن مۇتلەق ساقلىنىپ كېتىشكە قادىر ئەمەسمىز. قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمىزگە تۇۋا ـ پۇشايمان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. بەلكىم، تۇرمۇشىڭىز ماددىي تويۇنۇش ھالىتىگە يەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغىنىدا، سىز نەزىرىڭىزنى ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە يۆتكەپ بېقىڭ. پات ـ پات دوختۇرخانىلارغا كىرىپ، بالىنىستا ياتقان ئېغىر كېسەللەرنى كۆرۈڭ. ۋاقتىڭىز چىقىپ قالسا قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنى زىيارەت قىلىپ قويۇڭ. ۋاقتى كەلگەندە پاجىئە بىلەن سوغۇرۇلغان ئاشۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەر ۋە ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ تاسادىپىيلىقلار قەلبىڭىزگە ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىنىڭ ئەگرى ـ توقاي جەريانلىرىنى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ قارشى قىرغىقى بولغان قورقۇنچلۇق ئۆلۈمنى چوڭقۇر ئەسلىتىپ، روھىڭىزدا كۈچلۈك سىلكىنىش ۋە ئويلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ.

سىز يەنە دۇنيادىكى كاتتا بايلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قانداقراق ئەندىزىگە ئەمەل قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ كاتتا بايلار شۇنچە كۆپ پۇللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنىمۇ كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ مال ـ دۇنيايىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە سەممىيلىك بىلەن بىر دىياگنوز قويۇپ بېقىڭ. بەلكىم، سىزنىڭ بىر ئۆمۈر مىڭبىر جاپالاردا تاپقان ھەممە بايلىقىڭىزنى قوشقاندىمۇ، دۇنيادىكى كاتتا باي دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بىل گايتىسنىڭ بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئېرىشكەن تاپاۋىتىگە تەڭلىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بىل گايتىسنىڭ شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنياسىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بەختى ئۈچۈنلا، بالىلىرىغىمۇ ئايرىۋالماي خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئىئانە قىلىۋېتىشى، كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلىرىمىزگىمۇ سىر ئەمەس. يەنە بىر قىسىم كەسپداشلىرىمىزنىڭ كالىلىسىغا پۇللا كىرىۋېلىپ، ئۆز خىزمىتىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس.

مائارىپ ساھەسىدە ئىش ھەققى ئۆسكەندەك قىلسىمۇ، قوشۇمچە كىرىم بولمىغاچقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غورىگىل تۇرمۇشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم كەسپداشلىرىمىز باشقا ساھەلەرگە ئامال بولسىلا يۆتكىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقىمۇ «روھىي ئىنژېنېر» بولۇپ «قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى» بولمىغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرىجىسى گەرچە يېزا باشلىقىنىڭ دەرىجىسى بىلەن تەڭ دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىزمەت شارائىتى ۋە تەمىنلىنىشتە، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ھال قىسمەن ئوقۇتقۇچىلارنى روھىي بېسىم ۋە چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلغان ئىدى. دېمىسىمۇ، ئەتراپىمىزدا قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى كۈنىدە دېگۈدەك ئالىي دەرىجىلىك قارا ماشىنىلاردا غۇيۇلداپ چېپىپلا يۈرسە، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» ھېسابلانغان ئوقۇتقۇچىلار، بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ بۇنداق ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالالماسلىقى، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلارغا قاراتقان بىر قاتار يېڭى تەدبىر ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىلھامى كەسپداشلىرىمىزغا يېڭى كۈچ ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ سەپىي ئۆزىدىن ئىنژېنېر ئىدى.

چۈنكى، ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرمەكچى بولغان بىلىملەرنى قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە مەخسۇس لايىھە تۈزۈپ، ھەر بىر سائەت دەرس مەزمۇنىنى ئۆز ئالدىغا لايىھەلەپ، «ئىنژېنېر»لىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوقۇتقۇچىلا ئەمەس بەلكى، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ۋە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ئالدىغا ئىنژېنېر. ناۋادا سىز بىر يازغۇچى بولسىڭىز ئۆزىڭىز خىزمەت قىلىۋاتقان ئەل - قوۋمنىڭ «ئىنژېنېرى»بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياشاۋاتقان شۇ بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ھەرخىل بەدىئىي ۋاستە، ئاجايىپ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇرىدىغان قەيسەر ئوبرازلار ئارقىلىق پىلانلايدىغان ۋە لايىھەلەيدىغان «دەۋرنىڭ روھىي ئىنژېنېرى»ھېسابلىنىسىز. ناۋادا سىز دوختۇر بولسىڭىز، بىمارنىڭ كېسەللىنى قانداق داۋالاشنىڭ پىلانلىرىنى، شۇنچە مۇرەككەپ جەريانلىرىنى لايىھەلەيدىغان ھاياتلىقنى قوغدىغۇچى كاتتا ئىنژېنېر. ساقچى بولسىڭىز جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئامانلىقنى ساقلاشنىڭ يوللىرىنى لايىھەلەيدىغان مۇھەم ئىنژېنېر. سودىگەر بولسىڭىز، تىجارىتىڭىزنى زورايتىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ھارماي لايىھەلەيدىغان پائال ئىزدىنىشچان بىر ئىنژېنېر ھسابلىنىسىز. ناۋادا، سىز ھالال ئەجىر ۋە سەممىمي نىيەتتە ياشاۋاتقان بىر دېھقان بولسىڭىز، پۈتۈن زېمىنغا جان بەرگۈچى، دۇنيانى گۈزەللەشتۈرگۈچى، نۇرلاندۇرغۇچى بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تۈرلۈك زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ تۈرلۈك لايىھەسى ۋە ھەلەكچىلىكىدە زېمىن بىلەن ئۆزۈڭىز سىردىشىپ كېلىۋاتقان بىر مۇھەم ئىنژېنېر. ناۋادا ئاتا - ئانا بولسىڭىز، باللىرىڭىزنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك يوللىرى ئۈستىدە بارلىقىڭىزنى بېغىشلاۋاتقان ۋە بۇ يولدا، ئۆزۈڭىز پىلان تۈزۈپ ئىزدىنىۋاتقان بىر ئىنژېنېر. تېخى تۇي قىلمىغان بىر قىز - يىگىت بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسى بەختىنى پىلانلاۋاتقان، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن قىزغىن لايىھەلەۋاتقان ئىنژېنېر. چۈنكى، گۈزەل كەلگۈسى سىزگە يۈزلەنگەن. دېمەك، ھاياتلىق ئالەمدە، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان ھەر بىر ئىنسان ئۆز ئالدىغا ئىنژېنېر. ھەممىمىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تۈزۈۋالغان بىر - بىرىمىزنىڭكىدىن مۇھىم ۋە ئۇلۇغۋار پىلانلىرىمىز، قىلىۋالمساق بولمايدىغان شۇنداق جىددىي ئىشلىرىمىز بار. بۇ دۇنياغا ئۇشۇۋقچە كېلىپ قالغان بىرمۇ ئادەم ياكى بىرمۇ جاندار يوق. مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشتۇر. شۇڭا ھاياتلىق سەپىرىدە، ئۆز ئالدىمىزغا تۈزۈۋېلىشقان خىلمۇخىل شەخسىي پىلانلىرىمىز ۋە لايىھەلىرىمىزنى بۇ دىيارىمىزنىڭ پارلاق، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئورتاق نىشان ئاستىدا پىلانلاپ، ھەممىمىز بىرلىكتە ئاز - ئازدىن بولسىمۇ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئويلىغانلىرىمىزنى ۋە دېگەنلىرىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە بولسىمۇ ئىپادىلەيدىغانلا بولساق، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۆلچەرلىرىمىزدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز روھىيىتىدە يېڭى ئىشەنچ ۋە گۈللىنىش بەرپا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆزىمىزگە توغرا، ئادىل ۋە ئىلمىي ئاساستا پسخىك دىياگنوز قويۇپ، قەلبىمىزدىكى يېڭىدىن بىخ سۈرۈشكە باشلىغان پاسكىنا «ئەخلەت»لەرنى دادىللىق بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاپ بىر مەيدان ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز بەكمۇ زۆرۈر.


---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز. شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 - قورۇ**

**كامالى ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى**



## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲غۇرۇر، پەزىلەتسىز قەلبتە سۈيگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ.

▲بىر يالغانغا بىر پىشكەللىك ئەگىشىپ تۇرىدۇ.

▲شەيتاننىڭ مەقستى ئىشەنچنى يوقىتىپ، ئىرادىنى ئۆلتۈرۈش.

▲قۇرۇق گەپتىن قۇرۇق دەرد پەيدا بولىدۇ. قۇرۇق گەپنى يۇتۇۋەتسەڭ، قۇرۇق دەردنى تۈكۈرۈۋەتكەن بولىسەن.

▲دەرەخنىڭ ھارام پۇتاقلىرىنىڭ كۆپى كۈن چۈشمەيدىغان يەرلىرىدە بولىدىكەن.

▲ئىشلەپ يېگەن ئادەم، تاپا-تەنىدىن يىراق تۇرالايدۇ.

▲تەخسكەشلەرنىڭ دۇمبىسى ھاكاۋۇرلارنىڭ سەھنىسى.

▲قىلپىلىشىپ قالغان ئىشلاردا قەلب ئاز بولىدۇ.

▲ئادەم ئەقلىنى قەيەردىن ئالسا، نەقلىنىمۇ شۇ يەردىن ئېلىشقا ئامراق بولىدۇ.

▲ئىچى تار ئادەملەرنىڭ ئارىسى مەنىۋى قەپەس.

▲ئۆزىنى دەڭسەپ تۇرۇش دېگەنلىك، جاھانغا ماس ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

## تەپەككۇر كۆزى

▲قۇرۇق گەپ ماجىرا تۇغىدۇ، تەپەككۇر ئەقىل تۇغىدۇ.

▲تەدبىر دېمىسەڭ، تەقدىر دېيىشكە مەجبۇر بولىسەن.

▲جاھالەت بابىنىڭ مۇقەددىمىسى ھۇرۇنلۇق، خاتىمىسى قورقۇنچاقلىق بولىدۇ.

▲ئائىلە ئەرنىڭ ئىپپىتىگە ئوخشايدۇ.

▲بىلىشنىڭ كاتتىسى — ئۆزىنى بىلىش، ئىشنىڭ كاتتىسى ئۆز ئىشنى ئۆزى قىلىش.

▲ئاڭلىغانلىكى گەپنىڭ ھەممىسنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ يالغانچىلىق بولىدۇ.

▲باشقىلارغا قىلىنغان ھەقىقىي ياردەم، ئۇلار كىيىدىغانغا كىيىم، خەجلەيدىغانغا پۇل، يەيدىغانغا تائام بېرىشلا ئەمەس، بەلكى بىرەر ھۈنەر-ئىلىم ئۆگىتىش ھەم بىرەر ئىش-ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتقۇزۇش بىلەن بولىدۇ.

▲ئۇنداقمىش-مۇنداقمىش، ھەممىسى مىش-مىش، مىش-مىشكە ئىشەنگەن ھەقىقىي دۆتمىش.

▲ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن نەرسەڭ، سېنىڭ ئىختىيارىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ.

▲يالغان گەپكە قۇلاق سالغىنىڭدىن، بالاڭنىڭ يىغلىشىغا، كالاڭنىڭ مۆرىشىگە، قويۇڭنىڭ مەرىشىگە، ئىتىڭنىڭ ھاۋششىغا... قۇلاق سالغىنىڭ كۆپ پايدىلىق.

▲بىكار قويغان نەرسە ئەڭ تېز بۇزۇلىدۇ.

▲ئاتىنىڭ ھۆرمىتى بالىنىڭ ئىززىتى.

▲قەدىرلەش قەدىرگە يېتىش، ھۆرمەتلەش ئىززىتىنى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

▲غەمدىن چۈشكەن قورۇقلاردىن قورقما، غەمنى يەمگە ئايلاندۇرساڭ، ئاشۇ قورۇقلار كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسىگە ئايلىنىدۇ.

▲نېمىشقا ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان»، ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە خان كېلىدىكىن دېسەم، ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەر ئائىلىنىڭ جېنىغا، ئايال ئائىلىنىڭ خېنىغا ئوخشايدىكەن.

▲غۇرۇرلۇق ئادەملەر تەييار نەرسىلەرگە ئاسانلىقچە قول سۇنمايدۇ.

▲يىلتىزىغا سۇ بەرمەي، شاخ-پۇتاقلىرىغا سۇ چاچساڭ، دەرىخىڭ ھالسىز پارقىراپ تۇرىدۇ. چۈشەنسەڭ، يىلتىزنى ياشناتساڭ، شاخ-پۇتاقلىرى ئۆزلۈكىدىن پارقىرايدۇ ئەمەسمۇ؟

▲ئوغرى مېلىڭغا، خۇشامەتچى گېلىڭغا قىسماق قۇرىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە، ئوفىتسېر

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ئىلگىرى مېھمان كەلسە بەرىكەت ياغىدۇ دەپ ئۆيگە باشلايتتۇق، لېكىن ھازىر ئاۋارىچىلىق دەپ قاراپ ئاشخانا، رېستورانلارغا باشلايدىغان بولدۇق.

▲ئىلگىرى ئىقتىساد ناچار، قاتناش قولايسىز چاغلاردىمۇ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يوقلاپ تۇراتتۇق، لېكىن ھازىر ئىقتىساد ۋە قاتناشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ بىزدىكى تۇغقان يوقلايدىغان ئىشلار كۆڭدىن - كۆڭگە ئازىيىپ كەتتى.

▲بالا كىچىكىدە خۇددى مايمۇنغا ئوخشايدۇ، سەن نېمىنى قىلساڭ ئۇمۇ شۇنى دوراپ باققۇسى كېلىدۇ.

▲دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتىدۇر.

▲ئايال دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدىكى «ئايا» دىن ئاياللارنى ئاياش كېرەكلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

▲ئادەم بىرى بەك مەغرۇرلانغاندا، يەنە بىرى بەك چۈشكۈنلەشكەندە ئاسان ئەقلىدىن ئازىدۇ.

▲دېھقاننىڭ نېنى تاتلىق، ھۇرۇننىڭ جېنى.

— ئابدۇللا ياقۇپ

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ج خ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدە ئوفىتسېر

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲مۇكەممەللىككە ئېگە بولمىغان ئېتىقاد كىشىنى كۆرۈنمەس قىل ئارغامچىدا باغلاپ، شەيتان بەزمىخانىسىغا باشلايدۇ.

▲غەزەپلىك ئالىيشتىن تۈلكىدەك ھېجىيىپ قۇيرۇق ئويناتقان يامان.

▲باشنىڭ قاتتىقىدىن يۈرەكنىڭ قېتىپ كېتىشى خەتەرلىك.

▲ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتكەنلەرنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغىنى تاغ بولماستىن، بەلكى ۋۇجۇدىدىكى بىر قەۋەت توپا-چاڭ، خالاس.

▲ۋۇجۇدۇڭدىكى كىر-داغلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك سوپۇنى ياخشى كىتاب.

▲كۆزى يۇمۇلغاننىڭ ھەممىسى ئۆلۈك ئەمەس، قەلبى بۇزۇلغاننىڭ ھەممىسى تىرىك ئەمەس.

▲شەخسىيەتچىلىك زىددىيەتنىڭ باشلىنىش پىلتىسى.

— ئابلەت ئابدۇقادىر

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيە ئەگۈس ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲قانداق ئوقۇتقۇچى كۈچلۈك؟ خىزمەت ۋەزىپىسىنى بىلگەن ئوقۇتقۇچى!

▲«ئۆزۈم پەرۋىش قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلمىسەممۇ، ئەل - يۇرت ئېغىز تەگسە مەن رازى» دېيەلەيدىغان ئوقۇتقۇچى ئۇلۇغدۇر.

▲ئۆزىنى باشقۇرالمىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرالىشى ناتايىن.

▲«مۇمكىن» دېگەن سۆز بىر بولسا سالماقلىقنىڭ، بىر بولسا ئىشەنچسىزلىكنىڭ بەلگىسى.

▲چىراغ ھەر قانچە جازىبىدار، نۇرلۇق بولسىمۇ، يەنىلا قۇياش بولالمايدۇ.

▲رەزىللىك ئىدىيەدە يىلتىز تارتىپ، ھەرىكەتتە ئەۋجىگە چىقىدۇ.

▲ماختاش بىر بولسا قايىللىقتىن، بىر بولسا شۇم نىيەت، خۇشامەتتىن كۆكلەپ چىقىدۇ.

— غالىب مۇھەممەت قارلۇق

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46-ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## تەسرات مېۋىلىرى

▲ئادەم بىر ئۆمۈر ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەلبى بىلەن شەيتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش قىلغۇچىدۇر.

▲روھ ئويغانغىنىدا تەن ئاراملىققا ئېرىشىدۇ.

▲مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى بىر مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

▲مىللەت ۋۇجۇدىدا مەنىۋى كېسەل يامرىسا، ئېتىقاد دەرىخى قۇرۇشقا باشلايدۇ.

▲قەلبىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن، كۆزلىرىڭ گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن، تىلىڭ گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرنى دېيىش ئۈچۈن، قۇلىقىڭ ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن يارىتىلغان، بۇلارنى ھەرگىزمۇ رەزىللىكنىڭ قوپاللىقنىڭ، كۆرۈمسىزلىكنىڭ قۇربانى قىلما!

▲قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەڭ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى روھىڭدىكى توسالغۇنى يېڭىپ، ئۆزۈڭنى قايىل قىلغىنىڭ، ئۆزۈڭدىن سۆيۈنەلىگىنىڭ.

▲ئەڭ ناچار شارائىتنىمۇ ياخشى شارائىتقا ئايلاندۇرۇشنى بىل، شۇندىلا قولغا كەلتۈرىدىغان مۇۋەپپەقىيىتىڭ ساڭا يېقىنلاپ كەلگەن بولىدۇ.

▲مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە شارائىت يار بەرمىسە، ئىدىيەڭنى ئۆزگەرت، شۇندىلا باشقا بىر دۇنيا كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ.

▲ئۆزۈڭگە خائىنلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئالدىدا گۇناھكارسەن.

▲ئۆزىدىن سۆيۈنەلىگەن، ئۆزىگە قايىل بولغان كىشىگە خەلقمۇ قايىل بولىدۇ، سۆيۈنىدۇ.

▲ھاياتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارا، قاراڭغۇلۇقنى كۆردۈڭمۇ؟ ھاياتتىكى يورۇقلۇق مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتىن تۇغۇلغان.

▲مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئىشەنچ، مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقايدۇ، لېكىن ئۆز يۈرىكىڭدە كۆكلىگەن ئىشەنچ ساڭا مەڭگۈلۈك يىلتىز تارتىدۇ.

— مېھرىبان نىياز چوغلۇق

ئاپتور: شايار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتقۇش گۇرۇپپىسىدىن

▲باشقىلارنىڭ ئورۇنسىز تەلپىگە «ياق» دېگۈدەك جۈرئەت بار ئادەمدە ھەر قانداق ئورۇنلۇق تەلەپلەرگە «ھەئە» دېگۈدەك يۈرەك بولىدۇ.

— پەردە ئەركىن

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى تىياتىر فاكۇلتېتى دراما ئىجادىيىتى كەسپى 2008- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ئىلىم ئەھلىلىرى مەزھەپچى بولۇپ كەتسە ئاۋام ھەر تەرەپكە قېچىۋاتقان چارۋىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ياش ۋاقتىڭدا ئاۋامدىن ئايرىلىپ قالما، بولمىسا ياشانغاندا قېتىلمىقىڭ تەس بولىدۇ.

▲مەسئۇلىيەتسىز يۇرت بېشى بار يۇرتتىن مۇساپىر كۆپ چىقىدۇ.

— تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغ بېشى كەنتىدىن

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ھېچنېمىگە ئىشەنمىگەن ئادەم، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئادەمدۇر. شۇنداقلا ھېچكىمگە ئىشەنمىگەن ئادەم، ھېچكىمنى چۈشەنمىگەن ئادەمدۇر.

▲قۇرۇق گەپ تىلىدىن، ئەمەلىي گەپ دىلىدىن چىقىدۇ.

▲كەمچىلىكنى كۆرسەتكەنلەر بىلەن قارشىلىشىش، نادانلىق جۇملىسىدىكى ئىش.

▲يولسىز ئادەملەر، دەل يول تاللاشنى بىلمىگەن ئادەملەردۇر.

▲يىراققا نەزەر سالغانسېرى، ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولىدىكەنسەن.

▲ئىش - كۆشلىرىڭنى كەينىگە سۈرگەنسېرى، بەخت - ئىقبالىڭمۇ كەينىگە سۈرۈلىدۇ.

▲ئىلىم - پەنگە ساختىلىق ئارىلاشتۇرۇش بەتنىيەتلىكتىن، ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇش نادانلىقتىن بولىدىغان ئىش.

▲سىنى يامان يوللارغا باشلاپ، ئاخىرى ھالاكەتكە يولۇققىنىڭدا ساڭا تەسەللى بەرگەن ئادەمنىڭ قىلمىقلىرى خۇددى مۇشۈكنىڭ چاشقانغا ماتەم تۇتۇشىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲پۇل تېپىش بىلەن ۋىجداننى ئوڭ تاناسىپ قىلالىساڭ، ھۆرمەت - ئىناۋەتنىمۇ، ئىززەت - ئابرۇيىنىمۇ تەڭ تاپالايسەن.

▲ئەنسىرەشكە توغرا كەلسە، ناقابىل ئادەملەرنىڭ ساڭا باش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش لازىم.

▲دىيانەتسىز خىيانەتتە، نەپسانىيەتچى جىنايەتتە، مەينەت پالاكەتتە، نادان جاھالەتتە، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھالاكەتكە يېقىن تۇرغۇچىلاردۇر.

▲باشقىلارغا «قۇۋۋەتلىك يەڭ» دېگەندىن، «سىڭىشلىك يەڭ» دېگەن توغرىراق؛ «كۆپ ئۆگەن» دېگەندىن، «كۆپ ئۆزلەشتۈر» دېگەن توغرىراق. چۈنكى، سىڭمىگەن تاماقنىڭ بەدەندە قۇۋۋىتى بولمىغانغا ئوخشاش، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن ئىلىمنىڭمۇ ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمايدۇ.

▲كېرەكسىز نەرسىلەر مۇھىتنى، كېرەكسىز ئادەملەر جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ.

▲قولۇڭدىن كەلسە قاراپ تۇرما، قولۇڭدىن كەلمىسە ئاھ ئۇرما.

▲ساغلام بولمىغان ئەقىل تەنقىدنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲تۇۋا دەيمەن! ئالا كۆڭۈل ئادەملەر، «كۆڭۈل» دېيىشكە بەكمۇ ئامراق كېلىدىكەن.

▲ئادەمنىڭ داملىنىشى، كۆپ ھاللاردا قوشنىڭ قىسماق ئەتراپىدا دانلىنىشىغا ئوخشايدۇ.

▲مەسئۇلىيەت — ھاياتنىڭ قەرزى.

▲ساددىلىق مازاققا، قۇۋلۇق نەپرەتكە، ئاق كۆڭۈللۈك ھۆرمەتكە باشلايدۇ.

▲بىر ئەلنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ ھۆرمىتى، ئەمەلىيەتتە شۇ ئەلنىڭ ھۆرمىتى.

▲ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا ئاققان بايلىق، ئۆيۈڭنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ.

▲قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر «قىلدىم» دېگەننى جىق سۆزلىيەلىگەن بىلەن، لېكىن «قىلىمەن» دېگەننى ئېغىزدىن چىقىرالمايدۇ.

▲بۇركۇت ئاچ قالسىمۇ ئەخلەت-چاۋارنىڭ ئۈستىگە قونمايدىكەن، قاغا-قوزغۇن توق بولسىمۇ ئەخلەت-چاۋارنىڭ يېنىدىن كېتەلمەيدىكەن.

▲ئىشەنچلىك ھەمراھ يولۇڭدا چىراغ، ئىشەنچسىز ھەمراھ يولۇڭغا تۇزاق.

▲ۋىجدانىنىڭ ئارمانى دېمەك، ئەقلىنىڭ پەرمانى.

▲سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلارنىڭ ھالاكىتى سۇنىڭ ئىچىدە، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلارنىڭ ھالاكىتى ئاشۇ يۇمشاق تۈكنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

▲نادانىنى ئەركىگە قويۇپ بەرسەڭ، ئەركەڭنى ئېلىپ كېتىدۇ.

▲يوللارنىڭ كەڭرىلىكى، ئۆز ئارا يول قويىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بولىدۇ.

▲يالغان ئىش ۋە يالغان گەپ قىلىشتىن قورقمىغان ئادەم، ئەمەلىيەتنى كۆرگەندە ئۆز سايىسىدىنمۇ قورقىدۇ.

▲بۇزۇق ئادەملەرنىڭ ئىش-ئەملى، ھىيلە-مىكىر ئۈستىدە بولسا؛ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىش-ئەملى چارە-تەدبىر ئۈستىدە بولىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە، ئوفىتسېر

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲«بىلىدىغانلار»غا قارىغاندا «قىلىدىغانلار» ئۇتۇق قازىنىدۇ.

▲ئائىلىسىنى سۆيمىگەن ئايالنى «ئانا» دېگىلى بولمايدۇ.

▲نادان شۆھرەتپەرەس، ھىيلىگەر پۇرسەتپەرەس كېلىدۇ.

▲ھېسسىيات — ئەقلىنىڭ خېمىتۇرىچى، ئۇ ئاز بولۇپ قالسا ئەقىل «تېتىمايدۇ»، كۆپ بولۇپ قالسا ئەقلىنىڭ رولى ئاجىزلايدۇ.

▲ئۆز يولىدا ماڭمايدىغانلارنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ھالاكەت بولىدۇ.

▲جىنايەت — ئەخلاق تەرىپىدىن ئالدى ئېلىنىدىغان، قانۇن تەرىپىدىن پاش قىلىنىدىغان نەرسە.

▲سەممىي ئدەملەر ياخشى، ھىيلىگەر ئادەملەر ياخشىچاق كېلىدۇ.

▲ئاجىزلار شارائىتقا دۆڭگەپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ، غالىبلار ئىمكانىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

▲ئىلىم — پەزىلەتسىز ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتسە پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ.

▲غەيرەت قىلساق غەپلەت تۈگەيدۇ، غەپلەتتە تۇرساق غەيرەت تۈگەيدۇ.

▲بىزگە ئۆتمۈش ئۈچۈن «ئىز باسار»، بۈگۈن ئۈچۈن «ئىز ياسار»، ئەتە ئۈچۈن «ئىز سالار»لار كېرەك.

▲ئاقىل يول كۆستەلەيدۇ، دادىل شۇ يولدا ماڭالايدۇ.

## ماقال - تەمسىل ئىزىدىن ...

▲ئويى كۆپ باي بولۇر، ئويۇنى كۆپ گاداي.

▲مىشچان بېشىنى يەر، ئىشچان ئېشىنى يەر.

▲ئەقىل تەمكىن قىلار، ھېسسىيات غەمكىن.

▲ئاقىل ئۆزىنى تاپىدۇ، غاپىل ئۆزىنى ساتىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲يىلتىزى قۇرۇپ قالمىغان دەرەخ يېتىپ قالسىمۇ سولاشمايدۇ.

▲ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت دەيمىز ـ يۇ، لېكىن «ئالتۇن» ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى بىھۇدە سەرپ قىلىمىز.

— مۇھەممەتئېلى رەھمەت

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە 3 ـ دېۋىزىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇنجى ھېسلىرىم

▲رىۋايەتلەردىكى «بەخت قۇشى» ئىنسانلاردىن ياخشى، ئامەتلىكلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا قوناتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشايتتى. ئەمما رېئاللىقتىكى «بەخت قۇشى» ئىنسانلار تەستە تاپىدىغان جايلاردا «قېنى قايسىڭلار قونسىلەر؟» دەپ مەغرۇر ئولتۇرارمىش.

▲بىز نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا تەربىيە بېرىپ «ئەسكى باللار بىلەن ئوينىما» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمما، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانچىلىك ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ كىملەر بىلەن ئويناۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ؟!

▲بىلىدىغانلىرىڭ قانچە كۆپەيگەنسېرى سەندىكى قورقۇنچ شۇنچە ئازلاپ، ياشىمىقىڭ ئاسانغا چۈشىدۇ.

▲تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن چۈش كۆرسەڭ بولىدۇ، ئەمما تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ چۈش كۆرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ.

— ئابدۇھەلىم ئابدۇرېھىم

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېئولوگىيە چارلاش ئىنستىتۇتى بايلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇشتىن تەرمىلەر

▲ئائىلىسىدە ئىناق ئۆتمىگەن ئادەم، جەمئىيەتتىمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ.

▲ئايالىڭ چىرايلىق بولغاندىن، ئەقىللىق بولسۇن.

▲ياشلىقىڭدا قېرىلىقنى ئويلىمساڭ، قېرىغاندا كۆپلەپ ئويلارغا چۆكسەن.

— تىلىۋالدى مەمتىلى

ئاپتور: نىلقا ناھىيە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ پارقازان ئىشچىسى

※ ※ ※

▲ئىنسابى يوق ئادەم قانائەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگىنىدەك، ۋىجدانى يوق ئادەم ۋىجداننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ.

▲ھوقۇقنى قالقان قىلغىنىڭ دەل ئەل نەزىرىدە تالقان بولغىنىڭ.

— ئاررىنگۈل ئوبۇلقاسىم

ئاپتور: شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى ئىنستىتۇتى باشلانغۇچ مائارىپ 2009 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نەسىھەت ئۈنچىلىرى

▲بولمىسا بىراۋدىن ئۆزگىچە پەرقىڭ، چاغلىقتۇر ھەر جايدا باھايىڭ ـ نەرخىڭ.

▲يېمەكلىكتە تۇتمىساڭ پەرھىز، كېسەللىكتە بولىسەن قەرز.

▲كۈندە بىر رەت قوناق تائامى، يېيىشنى قىل ھايات مىزانى.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 ـ قورۇدا

## ھايات ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ھاياتتا ھەممىدىن تەس ئىش باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقىي ئۆزى بولۇپ ياشاش.

▲سائەتنىڭ ئەنسىز چىكىلدىشى ۋاقىتنىلا ئەمەس ھاياتنى سۆرەپ كېتىدۇ.

▲ھايات تىنىقلارنى پارچىلايدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئاشۇ بىر تىنىق ھاياتنى پارچىلايدۇ.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: مۆڭغۇلكۈرە ناھىيە 3 ـ ئاھالىلەر رايونىدىن



# مىللىي كىملىكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مەنبەسى

لى جىڭگاڭ

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي جۇغلانمىسى. ئۇ ھەم مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ھەم مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنىڭدەك، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا مىللىي مەسىلىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا گەۋدىلىنىشىگە، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ زەربىسىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى بىر گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش جەريانىدا پەيدا بولغان زىددىيەتلەر، يەنى مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي سالاھىيەتنىڭ تۇتۇقلىشىشى ۋە مىللەتنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى، بۇنىڭ ئارقىدىن كېلىپ چىققان مىللىي كىملىك كىرىزىسى سەۋەب بولدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش تەسەۋۋۇرى، يەنى خەلقئارادىكى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت دولقۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇش بۈگۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ پۈتكۈل زەربىلەر (مەسىلەن، ئاساسىي قىممەت قارىشىنىڭ ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۈنسايىن ئاجىزلىشىشى قاتارلىقلار)گە قايتۇرۇلغان ئىجابىي جاۋابتۇر. زامانىۋىلىشىشقا، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان جۇڭگودىن ئىبارەت تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانداق قىلىپ كۆڭۈل-كۆكسىنى ئېچىۋەتكەن ھالدا غەربنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت مىۋىلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىگە ئىشىنىش روھىي ھالىتى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش، شەك-شۈبھىسىز زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانى مۇنەۋۋەر جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يىلتىز قىلغان. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان بىلىم قۇرۇلمىسى، قىممەت قۇرۇلمىسى، ھېسسىيات ئىپادىلەش قۇرۇلمىسى ۋە ئېتىقاد قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۆلەنچۈكى، ھېسسىيات ۋە قەلبىنىڭ ماكانى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش جەريانى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەزالىرىنىڭ ئورتاق قاتنىشىش، بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بىلىش، بەرپا قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانى. شۇڭا، مىللىي كىملىكنى نامايان قىلىش جەريانىغا يوشۇرۇنغان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش پىكىر يولى ۋە بەرپا قىلىش مۇساپىسىگە نىسبەتەن شۈبھىسىز مۇھىم يول كۆرسىتىش رولىغا ئىگە.

## مىللىي كىملىكنىڭ ئاساسىي دائىرىسى

مىللىي كىملىك دېگەن نېمە؟ ئىنگلىزچىدە «مىللىي كىملىك»نىڭ مۇۋاپىق سۆزى «ethnic identity»

تەرجىمە كۆزنىكى

www.uyghurkitap.com

ياكى «national identity» ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، «ethnic» بىلەن «national» «ئىرقنىڭ ياكى مىللەتنىڭ» دېگەننى، «identity» بولسا «سالاھىيەت»، «تونۇش»، «بېكىتىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بىرىكتۈرگەندە «مىللىي سالاھىيەتنى بېكىتىش»، يەنى مىللىي كىملىك دېگەنلىك بولىدۇ. «كىملىك» دېگەن سۆز پسىخولوگىيەدىن كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە فىرويىد ئوتتۇرىغا قويغان، مەنىسى «شەخس بىلەن باشقىلار، كىشىلەر توپى ياكى تەقلىدىي شەخسلەرنىڭ ھېسسىيات، پسىخىكا جەھەتلەردە مايىللىشىش جەريانى»[1] دېگەننى بىلدۈرەتتى. پسىخولوگىيەدىكى «مىللىي كىملىك» ئاساسلىقى مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزى تەۋە مىللەت توپىغا بولغان بىلىشى ۋە ھېسسىيات تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىملىكنى يەككە كىملىك ۋە ئىجتىمائىي كىملىك دەپ ئىككى قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ. يەككە قاتلامدا، كىملىك شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئىجتىمائىي رولى ياكى سالاھىيىتىگە بولغان ئىدراكىي بېكىتىش بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجتىمائىي قىلمىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. گېددىنس ئېيتقان كىملىك دەل مۇشۇ قاتلامغا مەنسۇپ، يەنى «يەككە شەخسنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشىگە ئاساسەن ئۆزلۈكىنى قايتا ئويلىنىش خاراكتېرلىك چۈشىنىشىدۇر.»[2] ئىجتىمائىي قاتلامدا، كىملىك ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدە ئەزالىرىنىڭ مۇئەييەن ئېتىقاد، ھېسسىياتقا بولغان ئورتاقلىقى ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ساقلايدۇ، فىرانسىيە ئالىمى دىلكايمىنىڭ «كوللېكتىپ ئاڭ» ياكى «ئورتاق ئاڭ» دېگىنى دەل مۇشۇ قاتلامدىكى كىملىكتۇر. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «جەمئىيەت ئەزالىرىدىكى ئېتىقاد ۋە ھېسسىياتنىڭ ئوتتۇرىچە يىغىندىسى ئۇلاردا روشەن تۇرمۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىز بۇنى كوللېكتىپ ئاڭ ياكى ئورتاق ئاڭ دەپ ئاتىساق بولىدۇ.» [3] شۇڭا، بۇ ماقالىدە دېيىلىۋاتقان مىللىي كىملىك مىللەت توپىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مىللىي كىملىككە «جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزى تەۋە مەلۇم ئائىلە، جەمەت، مەھەللە، قاتلام، سىنىپ، دۆلەت، مەدەنىيەت قاتارلىقلارغا بولغان بىلىشى ۋە ھېسسىيات تەۋەلىكى» [4] دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

بۇگۈنكى يەر شارىلاشقان سۆز سىستېمىسىدا ««مىللىي كىملىك› ئەمەلىيەتتە ‹مىللىي تەۋەلىك›، يەنى بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان پەرقى ياكى ئۆزگىچىلىكىنى بېكىتىشى بولۇپ قالدى.» [5]«مىللىي تەۋەلىك»نىڭ گەۋدىلەندۈرىدىغىنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پەرقى ۋە كۆپ مەنبەلىكلىكى. روبسون «مىللىي كىملىكنىڭ ئېپادىسى»نىڭ ھازىرقى زاماندىكى شەرتىنى شەرھلىگەندە بايان قىلغىنىدەك، «بىرىنچىدىن، مىللىي كىملىك تارقىلىش دائىرىسى ۋە ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، يەر شارىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە بۇ جەريانلارغا بولغان ئىنكاسى؛ ئىككىنچىدىن، دۇنيا سىستېمىسى ئۈچۈن ئۇقۇملاشتۇرۇپ بولۇنغان مەلۇم خىل ئەمەلىي گەۋدە دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بىرنارد ماكگىلان ئېيتقان ‹باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نوپۇز فورمىسى›دا تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، شۇڭا بارغانسېرى ‹مەدەنىيەت› سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى چۈشەندۈرۈلىدىغان بولدى.»[6] شۇڭلاشقا، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن مەدەنىيەت كىملىكى ۋە مىللىي كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ، مىللىي كىملىكنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇ ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ئېچىپ بېرىش مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە مىللەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى رولىنى چۈشىنىش مۇھىم ئويلىنىش ئۆلچىمىدۇر.

## مەدەنىيەت كىملىكى مىللىي كىملىكنىڭ ئۆلى

مەدەنىيەت ئىنسانلار كېيىن ئېرىشكەن نەرسە، «مەدەنىيەت تارىختا يارىتىلغان ياشاش شەكلىنىڭ سىستېمىسى بولۇپ، ھەم زاھىرەن شەكىللەرنى، ھەم يوشۇرۇن شەكىللەرنى ئىچىگە ئالىدۇ»، «مەدەنىيەت ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ئۇلار ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك كەسپلەردە ئەندىزىلەشكەن شەكىللەردە مەۋجۇت بولىدۇ. تۈرلۈك بەلگىلەر ئارقىلىقمۇ ئۆگىنىشكە ئېرىشكىلى ۋە ئۇنى تارقاتقىلى بولىدۇ... مەدەنىيەتنىڭ تۈپ يادروسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئەنئەنىۋى (تارىختا ئېرىشكەن ۋە تاللىغان) ئىدىيە، يەنە بىرى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەت.»[7] ئادەم بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەت. دەل بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئادەم ئۆزىدىن توقۇلغان مەزمۇن تورىغا ئېسىلىپ تۇرىدىغان جانىۋار»، مەدەنىيەت بولسا «دەل مۇشۇ مەزمۇن تورى» دۇر. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتتى، مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەتنى ياراتتى. مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە بەلگىسى قىلغان ئىنسانلار ئۆزى تەييارلىغان بەلگە سىستېمىسى ياكى مەزمۇن دۇنياسىدا ياشىماي قالمايدۇ.

مەدەنىيەت كىملىكى (cuntural identity) پسىخىك جەھەتتە شەخسنىڭ ئۆزى تەۋە مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت توپىغا نىسبەتەن پەيدا بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسىدا، يەنىمۇ

ئىلگىرىلەپ، قىلمىش جەھەتتە بۇنداق مەدەنىيەت ئىچىگە ئالغان قىممەت سىستېمىسى، مەنىۋىيەت قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈشى، ساقلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەت كىملىكى شەخسنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكى ۋە قىممەت تايىنىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كوللېكتىپ تەرتىپىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان «يېلىم»، مىللىي كىملىك بىلەن ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئاساسى. مىللەت توپىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى دەل مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت پىسخىكىسى ياكى مەدەنىيەت تەۋەلىك تۇيغۇسى. ئۇ مىللىي كىملىكنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ئومۇمەن، مەدەنىيەت كىملىكى ئۈچ خىل ئەھۋالغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى، يەنى دۇنيا مىقياسىدا مىللەت دۆلىتىدىن ھالقىغان ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئېتىراپى، مەسىلەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان ئېتىراپى؛ يەنە مەسىلەن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئانگلو-ساكسون مەدەنىيىتىگە بولغان ئېتىراپى دېگەندەك؛ ئىككىنچى، ئوخشاش ئېتىقادتىكى مەدەنىيەت كىملىكى، مەسىلەن، دۇنيا مىقياسىدا خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەزالىرىنىڭ ئىرق، جىنس، دۆلەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارغا ئايرىماي ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىشى؛ ئۈچىنچى، ئوخشاش مەدەنىيەت چەمبىرىكى، يەنى ئوخشاش مەدەنىيلىككە بولغان ئېتىراپى، مەسىلەن، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، ھىندى مەدەنىيلىكى، غەرب مەدەنىيلىكى، ئىسلام مەدەنىيلىكى، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيلىكى، ئافرىقا مەدەنىيلىكى قاتارلىقلارغا بولغان ئېتىراپى.[8]

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىغا ئورتاق مەدەنىيەت پىسخىكىسى ياكى مەدەنىيەت تەۋەلىك تۇيغۇسى بولۇپ، مىللىي كىملىكنىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپى ۋە ئالدىنقى شەرتى. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مىللەت «تەسەۋۋۇر»دىكى ئورتاق گەۋدە بولۇپ، بىر قاتار مەدەنىيەت بەلگىلىرىدىن بەرپا بولىدۇ، ئۆزىگە خاس ئاممىۋى رىۋايىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولىدۇ. كىملىك بۇ ئورتاق گەۋدىدىكى مىللەت ئەزالىرى زىممىسىگە ئالغان ئورتاق تەقدىردۇر. ئورتاق گەۋدىدىكى مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇئەييەن دائىرىدىكى جەمئىيەت ئەزالىرى «مىللەت ئەزاسى» سۈپىتىدە بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، مەسىلەن، جۇڭگولۇقلار بىر-بىرىنى «جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ ئېتىراپ قىلغىنى ھەمدە مىللەت سالاھىيىتىنى «جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ تونۇغىنىدەك. مىللەت مىللەت ئەزالىرىنىڭ كىملىكى ۋە مىللىي ھېسسىياتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەيلى بۇنداق كىملىك قانداق پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەت رىۋايەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يەنى «مىللەت» تەسەۋۋۇر ۋە خىيالنىڭ ياردىمى بىلەن كىملىكنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. «مىللەت» بۇنداق تەسەۋۋۇر ئىچىدە ئىپتىدائىي خاراكتېردە بولىدۇ، يەنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغان ئورتاق گەۋدىنى ئەزەلدىن مەۋجۇت، ھەتتا مۇقەددەس، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان مەنبە دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ تارىخى ئورتاق گەۋدە كىملىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن «توقۇپ چىقىرىلغان». بۇ تارىختا، مىللەتنىڭ ئەجدادى، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ شەجەرىسى ھەمدە مىللەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدىكى بىر قاتار مەدەنىيەت بەلگىلىرى بولىدۇ.[9] شۇنداقلا، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئېپوسى ۋە قەھرىمانلىرى بولىدۇ. مىللەت ھەققىدىكى بايانلاردا، مىللەت تارىخىنى ھاسىل قىلغۇچى خىيالىي تەپسىلاتلار ئىلگىرى يۈز بەرگەن چىن مەۋجۇتلۇق دەپ قارىلىدۇ. مىللەت ئەزالىرى ئەنە شۇنداق كۆندۈرۈلگەن ۋە تەربىيەلەنگەندە، مىللىي رىۋايەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىكا، نىيەت، ھېسسىياتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاس سىمۋولىغا ئايلىنىدۇ. سوتسىيولوگىيە مەنىسىدىكى مىللىي رىۋايەت مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى مىللىي كىملىكنىڭ ئېھتىياجىدىن كېلىدۇ. ئىرق، تىل، دىن، قىممەت قارىشى ھەرىكەت ئۆلچىمى، تۇرمۇش، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ھەتتا مەلۇم مەدەنىيەت ۋە تارىخىي بەلگىلەرنى «مىللەت»كە تەبىر بېرىشنىڭ زۆرۈر ئامىلى ياكى مىللەت سالاھىيىتىنى بېكىتىشنىڭ بەلگىسى قىلىشقا بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەت ئەزالىرىنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىدىغانلىكى نەرسىلەر ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتىشتە پايدىلىنىلىشى مۇمكىن.

تارىخ تەتقىقاتى شۇنى بىلدۈردىكى، ئاتالمىش مىللىي سالاھىيەت مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا پەيدا بولىدۇ. مىللىي سالاھىيەتنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەرمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مىللىي كىملىك مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىكى مەسىلە بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئەدەپ-ئەردەم، قىممەت قارىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيە، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ؛ قىلمىش جەھەتتە ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن، ئائىلە، ھايات-مامات، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. بۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگىنى بىر خىل ئورتاق تارىخ ھەمدە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان «مىللىي كىملىك تۇيغۇسى» بولۇپ، بۇ، باشقا زامانىۋى كوللېكتىپ قارىشى، مەسىلەن، گۇرۇھ، ئىرق ۋە سىنىپ قاتارلىقلار بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدىغان بىر خىل ئۇقۇمدۇر.

ھەر بىر كىشى ئۆزى تالليالمايدىغان مىللەت ياكى

تۇركۇم ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزى تەۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەربىيەلىشى، پەرۋىش قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئورتاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ھەر بىر كىشىنى «مىللەت»كە جەم قىلىپ، باشقا مىللەت ۋە تۈركۈملەردىن پەرقلەندۈرىدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى مىللەتنىڭ تۇرمۇش تۈپرىقىدا پەيدا بولىدۇ، شەكىللىنىدۇ، مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەلگە قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بولمىسا، مىللەتنىڭ مەزمۇنىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، كۆپ بولغاندىمۇ ئىرق مەزمۇنىغىلا ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەدەنىيەت مىللىي كىملىكتە مۇھىم ئاساس خاراكتېرلىك رولغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت كىملىكى مىللىي كىملىكنىڭ ئۆلىدۇر.

كۆپىنچە جەمئىيەتتە، «مىللەت» بىر ئورتاق گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۈر تۈپى ياكى دىيار مەنىسىگىمۇ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە بولالايدۇ، يەنە بۇ نەچچە خىل ئېلېمېنتنىڭ گىرەلەشكەن بىرىكمىسىمۇ بولالايدۇ. مەدەنىيەت كىملىكى نۇقتىسىدىن مىللىي كىملىك مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش نوقۇل ئىنسانشۇناسلىق ياكى سىياسىيشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىللىي كىملىك جەريانىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئېچىپ بېرىشكە تېخىمۇ پايدىلىق.

بىرىنچىدىن، بۇ تەكشۈرۈش نۇقتىسى «مىللەت» بىلەن «ئىرق»نىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. «ئىرق» ئاساسلىقى كىشىلەر توپىنىڭ قان سىستېمىسى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. «مىللەت» بولسا ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» نوقۇل ئىرق ئۇقۇمى ئەمەس. جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولسىمۇ، بىراق نەچچە مىڭ يىللىق ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھەر مىللەت ئەزالىرىنى ئۇزاق مەزگىل بىر ماكاندا ياشاش، كۆپىيىش، ئالماشتۇرۇش ۋە ئارىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى»نى «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبە»لىك مىللىي مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلاندۇرغان. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مىللىي سالاھىيەتنى تەكشۈرۈش سىياسىي نۇقتىدىن تەكشۈرۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ. بەزى ئالىملار «مىللەت» بىر سىياسىي ئۇقۇم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ دائىرىسى رېئال سىياسىي ھوقۇق (ئاساسلىقى دۆلەت) ئېنىقلىمىسىدىكى رايون ۋە نوپۇس بىلەن بېكىتىلىدۇ، شۇڭا «جۇڭگولۇق» دېگەن سۆز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە. مۇئەييەن سىياسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە پۇقرانى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن كۆچمەنلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەۋەلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى ناتايىن. تۇرمۇشتا مۇنداق ئەھۋالنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: سىرتتىن كەلگەن كۆچمەنلەر جۇڭگودا كۆپ ياشىغان ھەمدە جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگولۇق دوست ـ بۇرادەر، خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا يەنىلا بىلىپ ـ بىلمەي، ئازدۇر ـ كۆپتۇر «چەت ئەللىك» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ غەرب ئەللىرىدىكى جۇڭگولۇق كۆچمەنلەردىمۇ بۇنداق تەسىرات بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چەت ئەللىك ھەربىر كۆچمەن ئەسلىدە ئىگە بولغان مىللىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىۋېتىلىش، يېڭىلىنىش ئېلىپ كېلىدىغان ئازابقا مۇستەسناسىز چىداشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار چەت ئەلدە كۆپ يىل تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، «يېشىل كارتا»نى قولغا ئالغان، ھەتتا تەۋەلىكنى ئۆزگەرتكەن، تېگىشلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق مىللەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تىندۇرمىسى ئۇلارنىڭ «يىلتىزىغا قايتىش» ھېسسىياتىنى يەر شارى ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەدەنىيەتنىڭ مىللىي يەككىلىككە نىسبەتەن ئېتىراپ قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىشتىكى مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت قاتلىمىدىن قارىغاندا، يەككە مىللەت سالاھىيىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ياكى مىللىي كىملىك دېگىنىمىز، ئۇنىڭ مىللەت مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە بولغان بىلىشىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، مەدەنىيەت مەنىسىدىكى مىللىي سالاھىيەت بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ ھەمدە خاس شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ دېگەندەك. بىر مىللەتنىڭ ئۆز يۆنىلىشتىكى سالاھىيەت تۇيغۇسى قۇدرەتلىك پسىخىكىلىق كۈچ ھاسىل قىلىپ، شەخسكە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلالايدۇ.[10]

## مەنىۋى مەدەنىيەت مىللىي كىملىكنىڭ يادروسى

مۇبادا مەدەنىيەتنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ياكى قۇرۇلمىسىدىن باشلاپ تەھلىل قىلساق، ئومۇمەن مەدەنىيەتنى ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە تۈزۈم مەدەنىيىتىگە ئايرىش مۇمكىن.[11] ماددىي مەدەنىيەت ئاساسلىق ئادەمنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي رولى يەككە ھاياتلىقنىڭ تەكرار

ئىشلەپچىقىرىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملاشتۇرۇش. تۈزۈم مەدەنىيىتى ئاساسلىق ئىنسانىيەتنىڭ يەككە ھاياتلىقى ۋە توپنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك تۈزۈملەرنى، مەسىلەن، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن، تاۋار ئالماشتۇرۇش، مائارىپ، نىكاھ تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئىچىگە ئالىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت شەخس ۋە جەمئىيەت، مىللەت توپىنىڭ بارلىق مەنىۋى پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ پىسخىكا، ئاڭ، كۆز قاراش، نەزەرىيە قاتارلىق ھالەتلەردە مەۋجۇت بولىدىغان مەدەنىيەت.

مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، مىللىي كىملىكنىڭ جەريانى ۋە مىللەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، يەنى مىللەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە كۈرەش قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، مىللەتنىڭ كىملىكى مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. مىللىي كىملىك جەريانىدا، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن تۈزۈم مەدەنىيىتى مىللىي كىملىكنىڭ ئاساسىنى قۇرىدىغان بولۇپ، مىللىي كىملىكنىڭ تاشقى شەرتىدۇر. مەنىۋى مەدەنىيەت مىللىي كىملىكنىڭ يادروسى ۋە ئىچكى ئاساسى. چۈنكى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ «ئەركىن ـ ئازادىلىكى»ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ماددىي مەدەنىيەت ياكى تۈزۈم مەدەنىيىتىنى ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئاڭ، مىللىي روھ قاتارلىق ئىچكى مەدەنىيەت مېخانىزمى ۋە مىللەتنىڭ دىن، پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن، سەنئەت قاتارلىق تاشقى مەدەنىيەت شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەت سىستېمىسىنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئاڭ، مىللىي روھ قاتارلىق مەنىۋى مددەنىيەت ئېلېمېنتلىرى مىللىي كىملىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىي مۇساپىسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مىللىي پىسخىكا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە ياشاش ئۇسۇلىنىڭ بىۋاسىتە فىزىيولوگىيەلىك ـ پىسخولوگىيەلىك ئىنكاسى، «ئۆزىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە مىللەت مەنپەئەتىگە بولغان چۈشىنىشىدۇر.»[12] ئۇ يۈكسەك «ئەركىن ـ ئازادىلىك» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، دەسلەپكى باسقۇچتىكى مىللىي ئاڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇئەييەن تارىخىي مەزگىلدە، بۇنداق مىللىي پىسخىكا مەلۇم مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يېتەكلەيدۇ ھەمدە مەزكۇر مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشقاقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي بىرلىكنى ساقلايدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىدۇ. لېكىن، مىللىي پىسخىكا ئىستىخىيەلىكلىك، يەككىلىكلىك ۋە كەيپىياتلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، غەيرىي ئەقلىيلىككە مېڭىش ۋە تار مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىگە ئۆزگىرىپ كېتىش خەتىرى بار. مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلىماقچى، مىللەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولسا، مىللىي پىسخىكا ئىستىخىيەلىك دەسلەپكى مىللىي ئاڭ باسقۇچىدىن ئاڭلىق مىللىي ئاڭ باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى كېرەك.

ئاڭلىق باسقۇچتىكى مىللىي ئاڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ ئۇزاق ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بولغان ئەقلىي بىلىشىدۇر. ئۇ ئىجتىمائىي ئادەت كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەشنا بولغان، يېتەكچىلىك خاراكتېرگە ئىگە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە، يۈكسەك «ئۆزلۈكلۈك» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ يوشۇرۇن شەكىلدە مىللەتنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ، مىللەتنىڭ تىرىكچىلىك پوزىتسىيەسى، قىممەت ئۆلچىمى، مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي ئەندىزىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ھېسسىيات شەكلى قاتارلىقلاردا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

مىللىي روھ مىللىي ئاڭ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل بىللە ياشىشى ۋە ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە يېتىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى قارىشى، قىممەت ئېتىقادى، خاراكتېرى ۋە پىسخىكىسىنىڭ يىغىندىسى. بىر خىل مۇئەييەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىي روھ مىللەتنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى پەزىلىتى، قىممەت يۆزلىنىشى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىلىنىشى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ يۈكسەك ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە يىغىنچاقلانغان ئورتاق مەنىۋى پەزىلىتى ۋە خاراكتېرىدۇر. مىللىي روھ مەزكۇر مىللەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالىرى چۈشىنىدىغان ۋە ئەقىدە قىلىدىغان، مەزكۇر مىللەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئورتاق ئىگە بولۇنغان بولىدۇ. ئۇ مىللىي كىملىك ۋە تەۋەلىكنىڭ مەنبەسى. مىللىي روھنىڭ مۇشۇ خاسلىقى ئۇنى مىڭ يىللاردىن بۇيان كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولغان رىشتىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ ۋاقىتتىن

www.uyghurkitap.com

ھالقىغان كۈچ بولۇپ، رايون، كەسىپ، جىنس ۋە ياش ئايرىماي، مىللەت ئەزالىرىنى چىڭ باغلاپ، بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىچكى كۈچكە ئايلانغان.

مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھ قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسى ئېلېمېنتلىرى مىللىي كىملىكتە يادرولۇق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ۋە مىللەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، ھەم مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ھەم مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت مېخانىزمىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەتلا مىللەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزىدىن ھالقىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئەركىن تەبىئىتىنى چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي كىملىك جەريانىدا، مەدەنىيەتنىڭ سايىسى چۈشمەيدىغان يەر يوق. مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتى، مەدەنىيەت كىملىكى مىللىي كىملىكنىڭ ئۇلى. تېخىمۇ مۇھىمى، مىللىي كىملىككە مول مەنىۋى مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرىنىڭ تونۇشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، تەشۋىق قىلىشى، يۈكسەلدۈرۈشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. ئۇ مىللىي كىملىكنىڭ يىلتىزى. شۇنداق بولغاچقا، مىللىي كىملىك جەريانى ئىچىگە ئالغان مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرى مىللىي كىملىكنى كۈچەيتىش، مىللىي روھنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

(ئاپتور: دوتسېنت، خۇاجۇڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مىللىي روھ تەتقىقات ئورنىدىن)

*ئىزاھات:*

بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تۈرى «ماركسىزم ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش تەتقىقاتى» نىڭ باسقۇچلۇق مېۋىسى.

[1] چېن گويەن مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «قىسقىچە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى لۇغىتى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 126 ـ بەت.

[2] گېدىنس ئانتونى ئەسىرى، جاۋ شۇدۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «زامانىۋىلىق ۋە ئۆزلۈك ئېتىراپى»، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 2000 ـ يىلى، 42 ـ بەت.

[3] ئېمىل دىلكايىم ئەسىرى، چۈ جىڭدۇڭ تەرجىمىسى: «ئىجتىمائىي تەقسىمات نەزەرىيەسى».

[4] ۋاڭ شىئېن: «مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئاڭ»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، 1995 ـ يىلى 6 ـ سان، 17 ـ بەت.

[5] جاڭ رۇلۇن: «ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە مىللىي كىملىك»، «پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، 2001 ـ يىلى، 21 ـ بەت.

[6] روبېسون روللان (ئامېرىكا) ئەسىرى، لياڭ گۇاڭيەن تەرجىمىسى: «يەر شارىلىشىش: جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە يەر شارى مەدەنىيىتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 141 ـ بەت.

[7] كىروئوخن قاتارلىقلار يازغان، گاۋ جيا قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «مەدەنىيەت ۋە شەخس»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 5 ـ بەت.

[8] ۋاڭ جيەن، ۋەن مىڭگاڭ: «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىك»، «گۇاڭشى مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، 27 ـ بەت.

[9] بېنېدىكت ئاندېرسېن ئەسىرى، ۋۇ گۇرېن تەرجىمىسى: «تەسەۋۋۇردىكى ئورتاق گەۋدە ـــ مىللەتچىلىكنىڭ مەنبەسى ۋە تارقىلىشى»، شاڭخەي نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، 12 ـ بەتلەر

[10] شۇشۈن: «مىللەتچىلىك»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، 53 ـ بەت.

[11] يى جۈنچىڭ: «مەدەنىيەت پەلسەپىسى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى، 75 ـــ 76 بەتلەر.

[12] ۋاڭ شىئېن: «مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئاڭ»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان 1995 ـ يىلى 6 ـ سان، 16 ـ بەت.


---

«دۇنيا مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن قادىر ئارسلان تەرجىمىسى. تىلماچ: «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى

## تۈزىتىش


ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان 41 ـ بەت سول تەرەپتىكى ئىستون يۇقىرىدىن 11 ـ قۇردىكى «1889» نى «1899» دەپ، 43 ـ بەت ئوڭ تەرەپتىكى ئىستون 12 ـ قۇردىكى «1884» نى «1844» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.


**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**




ياش خەتتات
قۇربانجان روزى
شەيدائىي هۆسنخەت
ئەسەرلىرىدىن














www.uyghurkitap.com




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88，16 Gongti East Road，Bejing 100020，China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830002 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2011 ـ يىل 4 ـ سان (ئومۇمىي 309 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۇەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن